# قاراڭغۇ كېچىلەرنىڭ نۇرلۇق تاڭلىرى


كىتاب ئىشلىگۈچى:پەيكار

ماتېرىيال:ئىسلام يولى تورى

28-3-2008

http://www.islamyoli.net/

www.bbs.xabnam.com

# قاراڭغۇ كېچىلەرنىڭ نۇرلۇق تاڭلىرى

تارىختىن بېرى ئىسلام دىيارلىرىدا بۈگۈنكە قەدەر ئاللاھ دەۋاسىنى قوغداپ كەلگەن نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىب ۋە يازغۇچىلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئۈچۈن تالاي جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىداپ شام يورۇقىدا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇردى. بۇ ئەسەرلەر تۈنۈگۈن ئوقۇلغان بولسىمۇ ئەمما بۈگۈن چاڭ ـ توزان ئاستىدا قالدى.

بۈگۈن بىز يۈكسىلىۋاتقان ساختا مەدەنىيەتنىڭ مەستانىسى بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مۇقەددىساتلىرىغا تەتۈر قارايدىغان، دادىسىغا مۇشت، ئانىسىغا تەستەك ئاتىدىغان «مەدەنىيەت، مەدەنىيەت» دەپ كۇفرىلىقنى ئۆگىنىدىغان «ئاللاھ» دېيىشنى خارلىق دەپ بىلىدىغان بىر قىسىم تەلەيسىز ئەۋلادلارنىڭ پەريادىغا دۇچ كېلىۋاتىمىز. خەلق يىغلايدۇ، ئەسلا كۈلمەيدۇ. ئاسمان قارا بۇلۇتلار بىلەن يەر گۇناھكار مۇجرىملار بىلەن تولغان... «قەلبىمدە ئىمانىم بار، قولۇمدا قۇرئانىم» دەيدۇ، تۈرمىلەردە بوينىنى قىسىدۇ؛ ئىشەنچە يوق، ساختىپەز كۆپ، ئىسيان بار، ئىتائەت يوق.

مەنىۋىيەتكە ئورۇن قالدۇرمىغان نادانلىقنىڭ ساختا گەۋدىسى ۋە ۋەھشىي ياۋايىلار توپى ئاستىدا ھالسىراپ ئىڭراۋاتقان بۇ خەلق ئىمانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمىغان، تولدۇرالمىغاندىن سىرت يەنە يىللاردىن بېرى بوش قالغان قەلبىدە سىقىلىش ۋە

جەمئىيىتىمىزدە ياۋروپا ۋە ئۇزاق شەرق ئەللىرىنىڭ پىكىر ئېقىمىنى ۋە ئىدېئولوگىيىلىك ئىجتىمائىي پرىنسىپىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ غەرەزلىك يېزىلغان تالاي كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، نادان ئەۋلادلارنىڭ ئىدىيىسىگە زەھەرلىك ئۇرۇق سېلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر بار، يولىنى بىلمەيدۇ، دادىسىنىڭ نامىزىغا كەلمەيدۇ، ھارام پۇلدىن، چېكىملىكنىڭ تۇمانلىرىدىن، بۇزۇق ئاياللاردىن بەخت كۈتىدۇ!... بۇنداق كېچىنىڭ تاڭ ئېتىشىدىن ئۈمىد قىلغىلى بولامدۇ؟

جەمئىيەتنىڭ بۇ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي جاراھەتلىرىنىڭ بىردىنبىر چارىسى قەلبكە ئىمان قۇياشىنى تىكلەش. چۈنكى:

ئىمان، ئۇ بىر جەۋھەركى، شەنى ئەجەپ بۈيۈكتۇر،

ئىمانسىز قالغان دات يۈرەكلەر سىنىگە يۈكتۇر.

بۇ ئەسىرىمدە ھەر سىنىپ ۋە ھەر تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن رېئال جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ھەر خىل ھادىسە ۋە ۋەقەلىكلەر ئۆرنەك قىلىپ كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭدەك ھەقىقىي ھاياتنىڭ ئاچچىق ۋە تاتلىق تەرەپلىرى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپىنىڭ نۇرى ئاستىدا تەتقىق قىلىندى.

خەلقىمىنىڭ قاراڭغۇ كېچىلەردىن نۇرلۇق تاڭغا چىقىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا بىر تامچە ‹ئىمان› شەربىتى تەقدىم قىلىشقا تىرىشتىم. كىتابخانلىرىمىنىڭ يەنە سۇسىز قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تەشنالىقلىرىنى بۈيۈك قۇرئان ۋە ئالەمنىڭ قۇياشى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن قاندۇرۇشلىرىنى ھەمدە زۇلمەتتىن نۇرغا چىقىشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

بۈگۈن، شۇم جاھالەتنىڭ، غەرب ۋە ئۇزاق شەرق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەتىسىنى ئويلىمايدىغان، تۈنۈگۈنىنى ئەسلىمەيدىغان بىر قىسىم بەختسىزلەر بىزنى ئالدىمىسۇن! كىتابخانلاردا بىز ئىسمىنى ئوقۇپ تېخى چۈشىنەلمەيدىغان بىباھا ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بۈيۈك كىشىلەرنىڭ بۈگۈنكى بۇ ئەۋلادىغا نېمە بولدى! «ئاللاھ ئاللاھ» دەپ چۆللەردە ئات چاپتۇرغان، شاۋقۇنلۇق ئىمانى بىلەن داستانلار يازغان شېھىد ۋە غازىلارنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادىنىڭ تېڭى يوقمۇ...؟ نادان ياشلار «ئاللاھ» دېيەلمەيدىغان، ھەقىقەتنى كۆرەلمەي «ئۇسسۇدۇم...! ئىمان، ئىمانىم ئۆچتى ياردەم...!» دەۋاتسا بىز بۇنى كۆرۈپ تاماشا قىلامدىمىز...؟

ئى مۇسۇلمان! سەن بىر پاتىچى، پاتىچى! ئەھلىڭنى قىلما قۇربان، قارا نېمە دەيدۇ بۈيۈك قۇرئان، سەندە بولسا ئەقىل بىلەن ۋىجدان، ئاللاھتىن بىر ئاز بولسىمۇ ئۇيات...!

قارا بۇلۇتلار ئارىسىدىن ھامان بىر كۈنى ئىمان قۇياشى تۇغىدۇ. خۇشاللىق تېڭىغا ئېلىشىسەن. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بوش قالغان قەلبىڭ شۇنداق بىر ساراي بولىدۇكى، ئۆزۈڭنى بەختىيار ئىنسان ۋە ياخشى بىر ئۈممەت ئىچىدە كۆرىسەن. مەنىۋى شادلىق ئۇ قەدەر قىممەتكى، «يىغلايمەن يىغلىتالمايمەن، ھېس قىلىمەن

مەن ئەزەلدىن بىرى مۇسۇلمانمەن، ئۆزىنى شۇنداق بىلمىگەن ھەر قانداق كىشىدىن بىزارمەن. ئىمانسىز ئىنساننىڭ قەلبى بولۇپ بولغان مازارلىققا ئوخشايدۇ، مازارلىقتا ھاياتلىق نىمىشقىلىدۇ؟ مەن بۇ كىتابچىنىڭ خەلقىمگە پايدىلىق بىر ئەسەر بولۇپ قېلىشىنى جانابى ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىمەن، ھەمدە ئۆلارنىڭ تەۋپىق ۋە ھىدايەت تېپىپ قاراڭغۇ كېچىلەردىن تاڭغا ئۇلىشىشىنى جان دىلىمدىن ئارزۇ قىلىمەن.

سامى ئارسلان

كىتابىنى ئوقۇ

شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ھۆرمەتلىك ئوقۇغۇچى! ھايات بىر شىۋىرغاندۇر. ئىنسان ئو شىۋىرغاندا يولغا چىققان بىر كارۋاندۇر. ئۇ شۇنداق بىر كارۋاندۇركى، يول باشچىسى يوق ئىلگىرىلىگەنلىكى ئۈچۈن ئىشەنچى يوق قورقىدۇ ۋە ۋەھىمە ئىچىدە قاتتىق ۋايىسىرايدۇ. ياردەمچىسى يوق... ئاياق باسقان پۈتۈن تۇپراقلىرى ئاستىدا شېھىد دادىسى، ۋاپادار ئانىسى، غېرىپ قېرىنداشلىرى ياتىدۇ خەۋىرى يوق. ئىپپەت ۋە نومۇسى، ئەدەپ ۋە ھاياسى پەرۋەردىگارى، پەيغەمبىرى، قۇرئانى ۋە ئىمانى ئۈچۈن

ئەجەبا كۆلۈشنى بىلمىگەن ياكى كۈلدۈرەلمىگەن، ئاچچىق بىلەن تاتلىقنى، پايدا بىلەن زىياننى، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيالمايدىغان، قۇرئاننى ئېچىپ بىر قېتىم بولسىمۇ «ئاللاھ» دېيەلمەيدىغان، بۇ نادان بىچارە خەلقنى كىم قۇتۇلدۇرىدۇ؟ دەھشەتلىك ئېغىراۋاتقان بۇ خەلقنى ئۇلارنىڭ ئەزەلى دۈشمەنلىرى قۇتۇلدۇرامۇ؟ ئېسىل ۋە كاتتا ئەجدادلىق قېرىنداشلىرىم، يىغلىماق، پاتقاقلاردا، چۆللەردە ئىڭرىماق بىز مۇسۇلمانلارغا يارىشامدۇ؟ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ شۇنداق بىر پەيغەمبەركى، ئاللاھنىڭ رەھمەت خەزىنىسىنى بىزگە ئوخشاش كۆزى ياش، كۆڭلى سۇسىز، ھالى بولۇپ، قولى كىر، يۈزى قارا ئىنسانلار ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن.

كەل قېرىندىشىم كەل! يەر يۈزىدە مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئالتۇن چاغنى بەرپا قىلغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تىڭشا، پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنى ياراتقان ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمگە قۇلاق سال:

«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ. (ئۆتۈپ كەتكەن) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.» (سۈرە ئال ئىمران 31 ـ ئايەت).

مۇسۇلمان شۇنى ئۇنۇتما، ياخشى كۆرمىسەڭ ياخشى كۆرۈلمەيسەن، ياخشى كۆرگىنىڭدىمۇ سەمىمىي بول، جانابى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەنگە قەدەر ئۆزلىرىنىڭ نەپسانى ھاۋايى ـ ھەۋەس تۇيغۇلىرىدىن تامامەن ۋاز كېچىپ پەقەت ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى ھوزۇر ـ ھالاۋەت ۋە نېمەتلەرگە كۆز تىككەن، ئۇنىڭ ھوزۇرىدا تەسلىم بايرىقىنى چىقىرىپ رەھمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن، سەجدىدىن باش قالدۇرماي كۆز يېشى قىلىپ زارلىغان ئاللاھنىڭ ئاشىق بەندىلىرىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرگىن، لەيلىسى ئۈچۈن دەشتى چۆللەردە ھالسىرىغان مەجنۇننى ئەستىن چىقارما!... شۇنداق، ئويلاپ باق قېرىندىشىم، پۈتۈن نازۇ ـ نېمەتلەرنى ئاتا قىلىۋاتقان بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمىنى ياد قىلىشتىن قورقمىغىن، پۈتۈن ئاۋازىڭ بىلەن ئۆزەڭنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئېلان قىلغىن. دىنىغا ئىخلاسى يوق مۇتىئەسسىپ خۇشامەتچىلەر بىلەن ھوقۇقدارلارغا غالچى، توغرا يولدىن ئازغان ئەخمەقلەرنىڭ قىلىقىنى قىلما.

قەدىرلىك ياش قېرىنداشلار! تۆۋەندە بىر ياشنىڭ ياشانغان دادىسىدىن «دادا! ياشلىق چاغلىرىڭنى ئەسلەمسەن؟» دەپ سورىغان سوئالىنىڭ بېرىلگەن جاۋابىغا نەزەر قىلىڭلار: «بالام ياشلىقىمنى دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن، ئەمما ئۇنىڭ ماڭا كۆرسەتمىگىنى قالمىدى، گۈل چىرايىمنى سولاشتۇردى. رەھمەتلىك ئاتامنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدىم، ئۇلار ناماز ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى پەيغەمبىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئورۇندىغاندا، مەن مەيخانىلاردا بوينۇمنى قىستىم، سۇ ئورنىغا ھاراقنى، ھالال ئورنىغا ھارامنى، ھەقىقەت ئورنىغا باتىلنى تاللىدىم. ياشلىقىمغا تاغدەك ئىشنىپ كۈن ئۆتكۈزدۈم. ئاللاھنىڭ: «دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن، غەپلەتتىنلا ئىبارەت.» (ئەنئام سۈرىسى 32 ـ ئايەت) دېگەن پەرمانىنى ئاڭلىغان چاغلىرىمدا ئەھمىيەت قىلماي

قېرىندىشىم ئويلاپ باق، ياشلىقنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن، كۆزىنى ياشلاپ پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن بىر ئادەمنىڭ دەرد ئەھۋالىنى ئاڭلىدىڭ. سەن ماددىي ئالەمنىڭ مەنىۋى قەھرىمانى بولۇش ئۈچۈن يارىتىلدىڭ، ئۇلۇغ ئاللاھ ھۇزۇرىدا ھېساب بېرىسەن. ياشلىق باھارىڭ بىر چۈش كەبى ئۆتۈپ كېتىدۇ. دۇنياغا كېلىش غايەڭ نامايەندە بولىدۇ. بۈيۈك ئىمتىھان بېرىسەن. قۇرئان كەرىمدە:

«ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكارغا ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋانلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋاپمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرالمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟» (سۈرە مۆمىن 115 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتى كەرىمىنىڭ جاۋابىنى ھازىرلىغىن، ھەقىقىي بەخت باغچىسى بولغان ئاخىرەت چىمەنزارلىقىنىڭ بۇلبۇلى بولغىن. مەھشەردە ئاللاھ ھۇزۇرىدا ھېسابىنى بېرىدىغان ھايات كىتابىنىڭ

ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! مۇنۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۆزەڭ بەرگىن: سەن ھەقىقىي مۇسۇلمانمۇ؟ كامىل مۆمىن بولساڭ دەلىلىڭ نېمە؟

«پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئوقۇلسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر.» (ئەنبىيا سۈرىسى 2 ـ ئايەت)

قەلبىنىڭ تىترىمەسلىكى ئۈچۈن ئىمان شەرت. روھنىڭ غىزاسى بولغان ئىمان لامپىسى يانمىغان قەلب بولۇپ بولغان مازارلىققا ئوخشايدۇ. ئۇنداق ئۆلۈك قەلبتە قورقۇش نېمىشقىلىدۇ؟ ۋەتەن ئاسمىنىنىڭ قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلىنىشى، مۇقەددەس تۇپراقلىرىدا ھەر كۈنى ھەدسىز ۋەھشىلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى، خەلقنىڭ دەريادەك ئېقىۋاتقان ئەلەملىك كۆز ياشلىرى نېمە ئۈچۈن؟ ئۇلار نېمىسىنى يوقاتتى؟ كۈندىن كۈنگە تۈرما ئىمپېراتورلۇقى قۇرۇلىۋاتىدۇ، جەمئىيەت بارغانچە بوزۇلىۋاتىدۇ، بۇلار نېمە ئۈچۈن؟ ئىشەنچ يوق، ساختىپەز كۆپ، ئىسيان بار، ئىتائەت يوق، بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن؟

مەن مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر بار، ناماز ئوقۇمايدۇ، ئوقۇيدىغانلىرىدىمۇ ئىخلاس يوق، خەلقنى يىغلىتىۋاتقان، قېنىنى ئىچىپ ھىلىگىنى شوراۋاتقان بۇ جىنايەتچى زادى كىم؟ بۇ دەرد ـ ئەلەم ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك دەرمانى پەقەت ئىمان. خەلقىمىز قاچانكى ئاللاھقا باغلانسا، پەيغەمبىرىگە ئەگەشسە، قۇرئانغا يېپىشسا، ئاندىن ھۆر دۇنياغا ۋە ئەركىن

بۇ يەردە قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يۇرەك زەردىسى ھايات خاتىرىسىگە قاراڭ:

بىر شەنبە كۈنى ئىدى. پۈتۈن مائارىپ ۋە ئىدارە ـ جەمئىيەت ئورگانلىرى شاۋقۇن ئىچىدە مۇستەقىللىق ۋە ھۆررىيەت سىمۋۇلى بولغان «ئىستىقلال مارشى» ئوقۇۋاتاتتى. ھەر بىر مۇسۇلمان تۈرك خەلقىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋاتقان بۇ مىللىي ئاۋاز پۈتۈن ۋەتەن خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىدى. ئىشچى، دېھقان، يولۇچى، ھۆپىگەرلەر ھەممىسى دىققەت بىلەن تىڭشاۋاتاتتى. ئېزىز شېھىدلىرىمىز روھىڭلار شاتلانسۇن، سىلەر ئارمان قىلغان بۇ ۋەتەن، ئەۋلادلىرىڭلار تەرىپىدىن ئاداققىچە قوغدىلىدۇ. ھۆرمەت كۆرسەتمىگەن كىشىلەرنىڭ مىللىتىدىن گۇمان قىلىمەن.

ئىستىقلال مارشى ئوقۇلۇپ، ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەي يوللار ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. بۇ ئارىدا ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈلگەن جەمە مۇنارلىرىدىن ئەزان ئوقۇلۇشقا باشلىدى. ئەمما بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەزاننى ئاڭلاپ جەمەگە قاراپ يۈزلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەزانغا قۇلاق سالىدىغانلارمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى.

بۇلار مۇسۇلمان ئەمەسمىدى؟ يا ئاڭلىمايۋاتامدىغاندۇ؟ مۇسۇلمان تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھى چاقىرىقىغا ھۆرمەت بىلدۈرمەسلىك نېمىنىڭ ئىپادىسى ئىدى؟

ئى مۇسۇلمان خەلقىم! رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردا دىققەت بىلەن سېپور خەۋىرى ئاڭشاۋاتقان سېنىڭ ئاشۇ ئەۋلادىڭ ھۆرمەت بىلەن ئەزان ئاڭشىيالمايۋاتىدۇ. بۇ مەنزىرىلەر ئالدىدا بىزنىڭ بىر مۇسۇلمان مىللەت ئىكەنلىكىمىزدىن خىجىللىق ھېس قىلدىم. جانابى ئاللاھنىڭ شۇ ئايىتى:

«سىلەر نامازغا چاقىرغان (يەنى ئەزان ئېيتقان) چىغىڭلاردا ئۇلار نامازنى (ھەم سىلەرنى) مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (نامازنىڭ ھېكمىتىنى ۋە نامازنىڭ نەپسنى پاكلاشتىكى غايىسىنى) چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر.» (مائىدە سۈرىسى 58 ـ ئايەت)

ئويلاپ باقايلى قېرىنداشلار، دىننى ئويۇنچۇق، ئەزاننى تاماشا قىلىۋالغان بۈگۈنكى بۇ ئەۋلادلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ يولىدا شېھىد بولمىغانمىدى؟ «ئاللاھ، ئاللاھ!» دەپ جان بەرمىگەنمىدى؟ مۇسۇلمان قېرىنداش! تومۇرۇڭدىكى قېنىڭ، قەلبىڭدىكى ئىمانىڭ قاچان سوقۇدۇ؟ بىلىپ قوي، قاچانكى پەرۋەردىگارىڭنى تونۇپ، ھۇزۇرىدا تەسلىم بايرىقىنى چىقارغان كۈنۈڭ، ئاندىن يۈزۈڭ كۈلىدۇ، زالىم ۋە شەيتانلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ ھۆررىيەتكە چىقىسەن. يارىتىلىشنىڭ غايىسىنى تونۇپ، نۇرلۇق ئىنسان سۈپىتىدە پۈتۈن يامانلىقنىڭ دۈشمىنى ۋە پۈتۈن ياخشىلىقنىڭ دوستى بولىسەن.

ئەگەر قەلبىمىزدە ئىمانىمىز مۇھاپىزەتچى بولمىسا، ئاللاھ قورقۇنچىسى يەرلەشمىسە، جەمئىيەت ئاھ ـ زارى داۋام قىلىۋېرىدۇ خالاس.

جەمئىيىتىمىزدە ھەر كۈنى ساناپ تۈگەتكۈسىز جىنايى ھەرىكەتلەر، ۋەھشىيانە زورلۇقلار داۋاملىشىۋاتىدۇ، بۇنى كۆرەۋاتىمىز، ئاڭلاۋاتىمىز ۋە ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىدىن شىكايەتچى، ئايالى يولدىشىدىن، يولدىشى ئايالىدىن، ھوقۇقدارلار پۇقرالاردىن، پۇقرالار ھوقۇقدارلاردىن رازى ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماددىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى. مەنىۋىيەتكە ئورۇن بەرمىگەن ئىستىبدات دائىرىلىرىنىڭ زۇلۇم ـ سىتەملىرى ئارىسىدا ئىگراۋاتقان خەلق قەلبىنى ئىمان نۇرىغا تولدۇرالمىغان، ھالبۇكى قەلبلەر ئاللاھقا يۈزلىنىشى زۆرۈر تۇرۇغلۇق، ئۇلار ئېيتىدۇكى: بىزنىڭ ئىمانىمىز يوقمۇ...؟ ئىمانىڭىز بولسا ئىمتىھانغا مەرھەمەت؟ ئاللاھ دېيىلگەن ھامان قەلبىڭىز تىترەمدۇ؟ سىز ئىشىڭىزدا توغرا، سۆزىڭىزدە راستچىلمۇ؟

راستچىل بولسىڭىز شۇ ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك ۋەقەگە قۇلاق سېلىپ ئۆزىڭىزنى ئۆلچەپ كۆرۈڭ:

بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن بىر ئوقۇغۇچىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. باشقا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ ئىشىدىن نارازى بولۇپ، بىر كۈنى ئۇلار: «مۇئەللىم! پالانى ساۋاقدىشىمىزنى بەك ياخشى كۆرىلا، ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى پەرقنى بىلىشكە بولامۇ؟»

ئوقۇتقۇچى بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۇلارنى ئىمتىھان قىلىش ئارقىلىق بېرىشنى ئويلاپ، سىنىپتىكى پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارغا بىردىن قۇش تۇتقۇزۇپ ئۇنى بوغۇزلاپ

ئاردىن بىر ـ ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار بوغۇزلىغان قۇشنى ئېلىپ بىر ـ بىرلەپ كېلىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئورۇنداپ كەلگەنلىكتىنمۇ خۇشال كەيپىياتتا ھەممىسى كېلىپ مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپتۇ. ئەمما ھازىر بولغانلارنىڭ ئارىسىدا ئوقۇتقۇچى ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى ئوقۇغۇچى كۆرۈنمەيتتى. بۇ ئوقۇغۇچى نېمە ئۈچۈن كەلمىدى؟ بىر قۇشنى بوغۇزلاپ كېلەلمىگەن ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقۇچى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ؟

بۇ سوئاللار ئۇستىدە تالاش ـ تارتىشلار بولاۋاتقان پەيتتە ھېلىقى ئوقۇغۇچى قولىدا قۇش كۆزىدىن ياش قۇيۇلىۋاتقان خۇددى بىر جىنايەتچىدەك غەمكىن ھالدا يېتىپ كېلىدۇ، ئوقۇتقۇچى:

ــ ئوغلۇم قۇشنى نېمىشقا بوغۇزلاپ كەلمىدىڭ؟ قارا، ساۋاقداشلىرىڭ ۋەزىپىسىنى بىر ئۇبدان ئورۇنداپ كېلىشتى، ئەمما سەن ھەي...

پەرىشان ھالدا دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ سۆزگە تەمشەلگەن ئوقۇغۇچى:

ــ ئۇستازىم، سىزنىڭ ماڭا نۇرغۇن ئەمگىكىڭىز سىڭدى، مەن سىز ئۈچۈن ئۆلۈمگە رازى، ئەمما سىز تاپشۇرغان بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىدىم.

ــ نېمىشقا؟

ــ چۈنكى، ئاللاھ كۆرمەيدىغان يەر تاپالمىدىم، قاراڭغۇ كېچىدە، قارا تاش ئۈستىدە قارا چۈمۈلىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئاللاھنىڭ كۆرمەيدىغان يېرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن؛ بىر تەرەپتە سىز، يەنە بىر تەرەپتە ئاللاھ، ئاخىرىدا ئىمانىمنىڭ چاقىرقىغا قۇلاق سېلىپ، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن كەلدىم. مېنى كەچۈرۈڭ ئۇستازىم، ــ دەپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ.

بۇ كۆرۈنۈش ئالدىدا باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپتۇ ـ دە خىجىل بولۇشۇپ ئۇستازىدىن ۋە ھېلىقى ئوقۇغۇچىدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ.

ئى مۇسۇلمان! ئاللاھقا بولغان ئىمانىڭ ئەنە شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمانىچىلىك بولسا ئىدى، پۈتۈن قىلمىش ـ ئەتمىشىڭنى ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنسەڭ ئىدىڭ، گۇناھ قىلغان بولاتتىڭمۇ؟ قېرىنداشلار، بىز بىھۇدە ئاۋارە بولمايلى، قەلبىمىزگە ئاللاھ قورقۇنچىسىنى يەرلەشتۈرمەي باشقا ھىمايىچى تاپالمايمىز.

ماددا ئالىمىنىڭ تەمسىلچىلىرى بولغان بۇ ئىنسانلار، ئۆز ئەقلىنى ئىشلىتىشى لازىم. ئۇلار ئەمەلىيەتتە بىرەر ئەمەلدارنىڭ سۆزلىرىنى ياكى ئۇستاز ۋە پېشىۋالىرىنىڭ نەسىھەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ سۆزى بولغان قۇرئاننى نېمىشقا تىڭشىمايدۇ؟ قۇلاقلىرى گاس، كۆزلىرى كور بولغانلار ئۇنىڭدىن لەززەت ئالالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شەپەرەڭنىڭ كۈندىن قاچقىنىدەك بۇنداق ئادەملەرمۇ نۇردىن قاچىدۇ.

بۇ گۇمراھلار سىنىپى «ئاللاھقا ئىمان كەلتۈردۇق» دەيدۇ يۇ ھەقىقەتتە يەنە ئاللاھقا تايانمايدۇ. ھاياتىنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن بۇ ئادەملەر، ئازراق كېسەلگە دۇچ كەلگەن ھامان «جېنىم دوختۇر! مېنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇڭ، نېمە تەلىپىڭىز بولسا شۇنى قىلاي» دەپ دوختۇرغا يېلىنىپ باش ئۇرىدۇ. ئەمما بۇ ھاياتنى ئاتا قىلىپ ھەدسىز نېمەتلەر بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاللاھ ئالدىدا ئىگىلىشكە، بارلىقى بىلەن تەسلىم بولۇشقا ئۇنىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار تۇزكوردۇر.

ھەرقانداق چېكىدىن ئاشقان جىنايەتچى ياكى زالىم بولمىسۇن ئۆلۈم كەلگەندە چوقۇم بىر مەنىۋى قۇتقۇزغۇچى (يەنى ئاللاھ) غا سېغىنىدۇ. ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئادەم قولىنى كۆتۈرۈپ كىمگە يېلىنىدۇ، بىلەمسەن؟ ئۆمۈر بويى گۇناھ ئىشلەپ، پەقەت ئاللاھ ھۇزۇرىغا بارىدىغان چېغىدا ئاللاھقا يالۋۇرىدۇ! توغرا، ئىنسان بىرەر ھادىسىگە دۇچ كەلگەن ھامان تەبىئىي ھالدا «ئاللاھ، ئاللاھ» دەيدۇ...! ھەرقاچان ئاللاھ دېگەن چېغىڭدا دىققەت قىلىپ باق، روھىڭدا بىر ئازادىلىك ھېس قىلماي قالمايسەن. بۇ سېنىڭ يارىتىلىشىڭدىن باشلاپ ئاللاھقا موھتاج بولغانلىقىڭنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ھايۋاندىن بەتتەر پەسلىك

بېرىلگەن ئەقىل، ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر، چۈشۈرۈلگەن كىتاب ۋە نەسىھەتلەر بىلەن ئۆزىنى تۈيمىغان، قۇلىقى گاس، كۆزى كور بەتبەختلەر؛ ئەجەبا ئىنسانلىق سۈپىتىگە لايىق كېلەمدۇ؟

«ئۇلارنىڭ تولىسىنى (كۆپىنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر»(سۈرە فۇرقان 44 ـ ئايەت)

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئوچۇق باياناتىغا قۇلاق سالغىن؛ ئېھتىيات قىلغىنكى شۇ گۇرۇھتىن بولۇپ قېلىپ ھاياتىڭنى زەھەرلىمە! سەن قەلبى نۇرلۇق، توغرا يوللۇق، ئۆيكۈر پىكىرلىك بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن بۇ ھايات پاجىئەلىرىدىن ئىبرەت ئالغىن! بۈگۈن ئىنسان ئوغلى كۆر بولمىسا ئىدى، سۇسىز كۆلچەككە ئۆزىنى ئاتقان بولاتتىمۇ؟

شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ: «ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆزلىرىنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم سىنىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئاندىن ئۇلار تەۋبە قىلمايدۇ (يەنى نىپاقتىن قايتمايدۇ)، ئىبرەتمۇ ئالمايدۇ» دەپ خەۋەر بىرىدۇ. ئىبرەت ئېلىنىۋاتامدۇ؟ ئىنسان ئاللاھقىلا تايانمىغاندا باشقا يار ـ يۆلەك ئىزدەشكە باشلايدۇ. بەزىسى شەيتان ئاسارىتىگە، بەزىسى نەپسىگە بەزىسى دۇنياغا باغلىنىدۇ. ھالبۇكى ئۇلار تايانغۇچىلىرىنىڭ ھەم بىر تايانغۇچى ۋە پەرۋىشچىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

يېقىندىن ئۆرنەكلەر: بىر پاراخۇت سۇغۇرتىلىقتا ئېلىنىدۇ. دېمەككى، پاراخوت يولۇچىلار بىلەن بىرگە كاپالەتكە ئېلىنىدۇ، ئارتۇق قورقمايدۇ، چۈنكى يۆلەنچۈكى بار. قېيىقلار 200 دەك ياش بىلەن دېڭىز تېگىدە «ياردەم» دېگەندە، مىللەتچىلىكتە بىز ئۇلارغا نېمىشقىلىپ بېرەلىدۇق؟ سۇغۇرتا خادىملىرى دېڭىز تېگىدىن ھايات ئورنىغا جەسەت سۈزۈۋالمىدىمۇ؟ قېنى ئۇلار قۇتقۇزماقچى ئىدىغۇ؟ نېمىدەپ قۇتقۇزالمىدى؟ دېمەك «قازا كېلىدىغان چاغدا كۆرىدىغان كۆزلەر كۆر بولىدۇ» ئۆي ـ

قېرىنداشلىرىم، پەتھىيە بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە تۇپىغا قۇشۇلۇپ كېتىپ مىڭلارچە قېرىنداشلار «ئاللاھ ئاللاھ!» دەپ يالۋۇرغاندا ئىنجىنىرنىڭ لايىھىسى ئىناۋەتتىن قالدۇرۇلغانمىدى؟ كۈچكە ئىگە ئىدى، ئەمما مۇلۇك ئىگىسى ئاللاھ ئىدى. يەنە خالامسىلەر؟ دوختۇر ئىسپات قەغىزى بېرىدۇ: «بۇ ئادەم ساغلام، ھەر قانداق يەردە ۋەزىپە ئۆتىسە بولىدۇ.» ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي ئۇ ئادەم ئۆلىدۇ.

بۇنىڭدىن بىلىنىدۇكى، بۇ دۇنيا كۆزى ئوچۇق، ئەقلى ـ ھوشى نورمال ھەر قانداق ئىنسان ئۈچۈن ئىبرەت بىلەن توشقۇزۇلغان. ئەقىل كۆزىنى ئىشقا سالغان ئىنسان، دۇنيا ھاياتىنىڭ چاقنىغان يۈلتۇزى، ئاخىرەت ھاياتىنىڭ قۇياشىدۇر. ئۇ دۇنيا ھاياتىغا ئىشەنمىگەن ياكى ھېساب بېرىدىغانلىقىنى بىلمىگەن ئىنسانلار تاغدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن بەتتەر ۋەھشىي ۋە تېخىمۇ قورقۇنچلۇق كېلىدۇ.

مۇسۇلمان! سەن بۇ دۇنيادا ئىمتىھام مەيدانىدىكى بىر ئوقۇغۇچى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن دۇنياغا كەلدىڭ. جانابى ئاللاھنىڭ:

«سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئىش ـ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى.» دەپ بىلدۈرگەن ئايىتى كەرىمىنىڭ ھازىرلىقىنى قىلغىن، تىرىش، تىرىشمىساڭ جەننەتكە كىرەلمەيسەن، سېنى تونۇگۇننى ئەسلىمىگەن، ئەتىسىنى ئويلىمىغان بۈگۈننىڭ بەتبەختلىرى ئالدىمىسۇن... سەن ئىمتىھان بېرىشكە مەجبۇر، ئويلاپ باق، خىزمەتكە ئۆتۈش

ئى مۇسۇلمان دىققەت!

ئى مۇسۇلمان ئەتە جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك چوڭ بىر تەكشۈرۈشتىن ئۆتىسەن. بۇ تەكشۈرۈشتە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان «سىھھىي ئىسپات قەغىزى» تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئىسپات قەغىزى ئاللاھ تەرىپىدىن تاپشۇرۇۋېلىنىدۇ، كېسەللەر جەھەننەمگە، ساغلاملار جەننەتكە كىرىدۇ. ئاللاھ ھۇزۇرىدا يۈزۈم ئوچۇق بولسۇن دېسەڭ، بۇ دۇنيادا مېھمان تۇرۇپ پىرئەۋنلەردەك ياشىما! ئاللاھتىن باش تارتىپ، زەھەر يۇتۇپ ساغلام ۋۇجۇدۇڭنى بۇزما، جەننەتنى تاشلاپ جەھەننەمنى تاللىما...!

ئوچۇق يۈزلەر

مۇسۇلمانلار روھىنىڭ تەمسىلچىلىرى بولغان ساھابە كىراملار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى ئاللاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان، بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇلار ئەڭ قىسقا بىر زاماندا ۋەھشىلىكتىن يۈكسەك مەدەنىيەتكە كۆتۈرۈلگەن بۇ پەيغەمبەر دوستلىرى ئىسلام شەرىئىتىنى قانغۇچە ئىچكەن ئىدى. ئەينى چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەن دەپ قىلىچ كۆتۈرۈپ كەلگەن ھەزرىتى ئۆمەر، نەتىجىدە جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلدى. ئۇ «ھەر ئادەم قىلمىشىنىڭ جازاسىنى كۆرىدىغان بولسا، مېنىڭ ھالىم قانداق بولۇپ كېتەر» دەپ يىغلاپ كېچە ـ كۈندۈز پۇچىلاندى. چۈنكى ئۇ بۈيۈك زات:

«ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنىدۇر)» دېگەن دوختۇرخانىدا بۈيۈك دوختۇر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن داۋالانغان ئىدى. سېنىڭمۇ قەلبىڭدە ئۇ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمىتىڭ بولسا، ئۇنىڭ دورىگەرلىك ئامبۇلاتورىيىسىنىڭ دورىسىنى ئىشلىتىشكە يېنىكلىك قىلما. ئەتە ئاللاھ ھوزۇرىدا يۈزۈڭ ئوچۇق بولسۇن... ياخشىلىقى يوق بەندە، ياخشىلىقى يوق ئۇممەت بولۇپ قالما...! بۇ بۈيۈك ئىسلام نېمىتىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا كۆز يېشى قىلىشنى ئۇنۇتما.

«كىمكى، (كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن، دۇنيا تىرىكچىلىكىن (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشقا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەتتە بولىدۇ.» (سۈرە نازىئات 37 ـ 41 ـ ئايەتلەر) دېگەن ئايىتى كەرىمىنىڭ مەنىۋى كۈچىنى سەل چاغلىما، ھەددىدىن

بىر ئادەم كېچىدە ئوخلاۋېتىپ كۆزۈڭنى ئاچ دېگەندەك بولۇپتۇ ـ دە كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر چاشقان يېڭىلا ياقىدىكى بىر جىن چىراغنىڭ پىلىكىدىن چىشلەپ تارتىۋاتقۇدەك؛ شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، چاشقاننى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ.

ئى قېرىنداشلار، ئەگەر ئۇ ئادەم چاشقاننىڭ پىلىكنى سۆرەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئىسسىق ئورنىدىن قوپقۇسى كەلمەي ياكى پەرۋاسىز قاراپ چاشقاننى ئۆلتۈرمىگەن بولسا ئىدى، ئۇ چاشقان ئەلۋەتتە بىر يانغىنغا سەۋەب بولغان بولاتتى، بەلكى ھېلىقى پەرۋاسىز ئادەممۇ كۆيۈپ كۈل بولغان بولاتتى، ياكى ئوت كەتمىگەن تەقدىردىمۇ قاراڭغۇدا قالغان بولاتتى.

مۇسۇلمان ياخشى ئويلىنىپ باق، شۇنى پەقەت ئونۇتما، دۇنيا چاشقىنى ئۆيىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرگەن بىلەن، نەپس چاشقىنى ئىمان نۇرىنى ئۆچۈرىدۇ. كۆڭۈلدىن ئىبارەت ئۇ نۇرلۇق ئىبادەتخانىنى زۇلمەتتە قويما!... قەلبىنىڭ زۇلمەتتە قېلىشى مەنىۋى ھاياتىنىڭ تەمىنى قويمايدۇ، ھەتتا ئايالىنى كۈللىمەيدىغان، خەلقى ئالەمدىن خىجىل بولمايدىغان، پەسكەش تۇرمۇشقا سۆرەپ بارىدۇ. جەمئىيەتتە بۇ خىل ئادەملەر يوق ئەمەس، پەخەس بول، ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالما، ئەۋلادىڭنى بۇ يولغا قىستىما، بىر غايەڭ بولسۇن، پۈتۈن ئىشىڭنى بەندە ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىل، نەپسىڭنىڭ خاھىشىنى تىزگىنلە، ئىسلام ئاساسلىرىغا كۆرە

## ئى دادا! ئەۋلادىڭنى مۇھاپىزەت قىل!

ئاللاھنىڭ ئامانىتى، ئائىلىنىڭ گۈلى بولغان بۇ نارسىدە بالىلارنىڭ مۇھاپىزەتچىسى سىلەر بولىسىلەر. كەلگۈسىدە مىللەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، ۋەتەننى قوغدايدىغان ۋە چوڭ ـ چوڭ ۋەزىپىگە ئاتلىنىپ ۋەتەن، مىللەت دەپ مۇشەققەتلەرگە قاتلىنىدىغانلار بۇگۈننىڭ ياش ئۆسمۈرلىرىدۇر. ئى قېرىندىشىم، ۋەتىنىمىزنىڭ دوزاخ، خەلقىمىزنىڭ شەيتان بولۇپ، ئۆز يېغىدا ئۆزىنى قورۇشىغا ۋىجدانىڭ رازىمۇ؟ بۇ ھەقتە ئازغىنا بىر دىققەتسىزلىك ۋە بىپەرۋالىق بىزنى ھالاكەتكە سۆرەپ بارىدۇ، رەزىل بولىمىز.

ئى تۇزكورلۇقتا چېكىدىن ئاشقان ئادەم ئەۋلادى! ئاللاھنىڭ مۇنۇ بۇ مۇھىم ئاگاھلاندۇرۇشىغا قۇلاق سال:

«ئى مۆمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە ئەۋلادىڭلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.» (سۇرە مۇنافىق 9 ـ ئايەت)

دۇنياغا باغلىنىپ ئاللاھنى تاشلىغان بەتبەخلەرنىڭ ھالاكەتكە دۇچار بولۇشى سېنى تەئەججۇپلەندۇرمىسۇن، توغرا، ئەۋلادىڭنى تەربىيىلەشتە بىپەرۋالىق قىلغان

«ئى مۆمىنلەر! ئاياللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار ھەر ھالدا سىلەر ئۈچۈن بىر ئىمتىھاندۇر.» (سۈرە تەباغۇن 14 ـ ئايەت) دېگەن بۇ ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئۇلار ئىنسانغا ئىمتىھان ئۈچۈن بېرىلگەن، ئۇنداقتا سەن ئىمتىھانغا ھازىر بول، يىللارچە خاپىلىقنى تارتىپ، جاپاسىنى چېكىپ ئاران چوڭ قىلغان ئەۋلادىڭنى قەلبى ئىمانسىز، تىلى قۇرئانسىز، قولىقى ئەزانسىز تاشلاپ قويما. بۇنداق دېسەم چىرايىڭنى تۇرۇپ «مەن نېمە قىلاي» دەپ ماڭا ماي تارتماي، مانا بۇ ھەقىقەتكە نەزەر سال: بىر ئەتىگەن ئىدى، نەگىدۇ بارماقچى بولۇپ بېكەتتە ئاپتۇۋۇز ساقلاۋېتىپ، دىققىتىم توساتتىن بىر بالىغا چۈشۈپ قالدى، ــ ئىنتايىن ھاجانلىق ئىچىدە ئاپتۇۋۇزنىڭ كەلمىگەنلىكىدىن ئىچى تىتىلداپ ئۇياقتىن بۇ ياققا ماڭاتتى ــ سوردۇم:

ــ قېرىندىشىم نەگە بارماچى ئىدىڭىز؟

ــ ئانت رەنمانغا بارىمەن.

ــ ئانت رەنمان دېگىنىڭىز… نە ئۇ؟

ــ بۇ يەر ئىسمى ئەمەس! پۇتبول مەشىقى دېگەن بولىدۇ ئەپەندىم.

بۇ ئەسنادا ئەزان ئوقۇلۇشقا باشلىدى، مەن يەنە سوردۇم:

ــ بۇ نېمە ئاۋاز بىلەمسىز؟

ــ ئەزان ئەپەندىم، بۇ ئادەم شۇ قەدەر تېتىقسىزكى، كېچىچە سىنالغۇ كۆرۈپ ئەمدى ئۇخلاي دېگەن ھامان ۋارقىراشقا باشلايدۇ. دادام ئۇ قەدەر خاپا بولىدىكى...

ــ سىز ناماز ئوقۇمامسىز؟

ــ بۇ ئەزان مۇسۇلمانلارغا خاس.

ــ سىز مۇسۇلمان ئەمەسمۇ؟

ــ مۇسۇلمان، ئەمما مەن مەسجىدگە بارمايمەن، چۈنكى مەسچىت دېگەندە ناماز ئوقۇيمەن دەپ ئاۋارە بولىدىغان گەپ، بۇ زامان ئەھمىيەتسىز يېتىپ ـ قوپىدىغان زامانىمۇ؟ تېخى، ئاخشامدا دەل كىنۇ، تىياتىر باشلىنىدىغان چاغدا مەسجىدگە بارىدىغان گەپ.

ــ دادىڭىز بارامدۇ؟

ــ ئۇ جۇمە كۈنلىرى بارىدۇ، مەن ھېيت كۈنلىرى بارىمەن.

ــ ئانىڭىز ناماز ئوقۇمدۇ؟

ــ ۋاي ۋۇي... ئۇنىڭ قانداقمۇ ناماز ئوقۇغىلى چۈلى يەتسۇن! ئۇنىڭ ئىشى ئۇ قەدەر كۆپكى، ھەر كۈنى دېگۈدەك دوست ـ بۇرادەرلىرىمىز كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەتىگەندىن باشلاپ ئۇلارغا تاماق ئېتىش، سەي قورۇش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

ـ خوش... بامدات نامىزىغا قوپىامسىلەر؟

ـ نېمە دەيدىغانسىز ئەپەندىم! بىر ئاز ئىنساپ بىلەن گەپ قىلىسىڭىزچۇ؟ دادام ھەر زامان كەيىپ ياتىدىغان تۇرسا، ئانام ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەن تۇرسا، مەن كېچىچە پۇتبول كۆرىمەن، پۇتبول يوق كۈنلىرى سىنالغۇدا ئامېرىكىنىڭ فىلىملىرىنى كۆرىمەن ـ دە، سەھەردە چارچاپ تېلىۋىزۇر ئالدىدىلا قېتىپ قالىدىغان تۇرسام!

ـ سىلەرمۇ ھاراق ئىچەمسىلەر؟

ـ ھەئە ئىچىمىز، ھاراق دېگەن ئىشتىھانى ئاچىدىغان تۇرسا، سىز ئىچمەمسىز؟

ـ ياق؛ ئۇ دېگەن ھارام، سۇ، سۈت ۋە مېۋە سۈيى تۇرۇغلۇق ھاراق ئىچىپ نېمە قىلىمەن.

ـ ئۇنىڭ پايدىسى كۆپ، سوغۇققا توڭدۇرمايدۇ ئەمەسمۇ!

ئېزىز ئوقۇغۇچىلار! سىلەرمۇ ئەنە شۇ بالىدەك بىر بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولۇپ قالماسلىقىڭلاردىن خاتىرجەممۇ؟ ياق، خاتىرجەم بولالمايسىلەر. چۈنكى ئوخشاش شارائىت ۋە ئوخشاش مۇھىتتا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ھالىنى كۆرۈۋاتىمىز. بىلىدىغان بولساق بۇ قاتتىق زەھەرلەنگەن بىر بالىنىڭ پەريادىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.

ئەجەبا، بۇ ئاتا ـ ئانىلار ئۆز ئوغۇللىرىنى كىنو، تىياتىرلاردىن توسمايدۇ ـ يۇ مەسجىدگە بېرىشتىن توسامدۇ؟ پۇتبول مەشىقىگە سالىدۇ، قۇرئان ئوقۇتۇشقا سەل قارامدۇ؟ بىز پۇتبول دۈشمىنى ئەمەس، ئەمما مۇسۇلمانمىز، مۇسۇلمان تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىجابىدىكى پرىنسىپلارغا ئەگە چىقمايمىز؟ جانابى ئاللاھنىڭ ئادەمنى ئاللاھ ۋەھىمىگە سالغۇچى مۇنۇ ئەگاھلاندۇرىشىغا دىققەت قىل:

«ئى مۆمىنلەر ئۆزەڭلارنى ۋە بالا چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دوزاختىن ساقلاپلار.» (تەھرىم سۈرىسى 6 ـ ئايەت)

ئېيتىشىڭلار مۇمكىن: « نېمىدىن ساقلايمىز؟» بىز ئالدانغان نۇقتا مانا بۇ. رلبىڭنىڭ ھۇزۇرىدا سېنى يەرگە قارىتىدىغان، پەرىشان قىلىدىغان، ئاخىرىدا جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن ساقلا؛ نېمە ئۈچۈن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمايمىز؟ ئائىلە بويىچە قول تۇتۇشۇپ، ئەۋلادىنى كىنو ـ تىياتىرلارغا، ئويۇن ـ كۈلگە، توي ـ مەرىكىلەرگە ئېلىپ بارىدىغان دادا، نېمە دەپ ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن يېتىلەپ مەسجىدگە ئېلىپ بارالمايدۇ؟ ھالىمىز بۇ تۇرۇپ، قايسى يۈزۈم بىلەن پەيغەمبىرىمىزدىن شاپائەت، ئاللاھتىن جەننەت كۈتىمىز؟

ئىسلامىيەتنىڭ شۇ ئىجتىمائىي قانۇنىيىتىنى ئېسىڭگە ئال، «سىلەر ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلاردىن جاۋابكارلىقتا تارتىلىسىلەر.»

ئى مۇسۇلمان! سەن بىر پادىچىسەن. پادىچى! ئەھلىڭنى قىلما قۇربان، قارا نېمە دەيدۇ ئۇلۇغ قۇرئان، سەندە بولسا ئەقىل بىلەن ۋىجدان، ئاللاھتىن بىر ئاز بولسىمۇ ئۇيات.

ئەسىرىمىزدىكى نادان ياشلارنىڭ ھالى مانا بۇ. بىر كۈنى بىر ياشقا «بالام خەلق ناخشىلىرىدىن بىرەنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز؟» دېگەن ئىدىم، ئۇ ھېچ تارتىنماي تورماستىنلا «بولىدۇ تەقسىر» دەپ پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن «قىزىم سېنى ئەلىيگە ياتلىق قىلايمۇ؟» دېگەن خەلق ناخشىسىنى ئېيتىپ بەردى. يەنە سوردۇم:

ـ سىز مۇسۇلمانمۇ؟

ـ شۇنداق تەقسىر.

ـ ئەلھەمدۇنى ئوقۇپ بەرگەن بولسىڭىز؟

ـ .......

ـ تاھارەتسىز ئوقۇماي دەۋاتامسىز نېمە، ياكى خىجىل بولاۋاتامسىز؟

ـ ياق تەقسىر مەن...

ـ خوش، سىزگە نېمە بولدى، چىرايىڭىز قىزىرىپ كەتتىغۇ؟

ـ بىلمەيمەن، ئەيىب مەندىمۇ؟ ئۆگەتمىگەن تۇرسا.

ـ سەن توغرا دەيسەن ئوغلۇم، بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، ئۆگەنمەسلىك ئەيىب.

يەنە سوردۇم:

ـ 622 ـ يىلى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان كىم؟

ـ ......

ــ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كىم؟

ــ جىق سوئال سوراپ كەتتىم، ئەسلىدە سەن بۇلارنى بىلىسەن، خىجىل بولۇپ، جاۋاب بېرەلمەيۋاتىسەنغۇ دەيمەن؟

ــ ياق تەقسىر، مەن راستتىنلا بۇلارنى بىلمەيدىكەنمە؟ ماڭا پەيغەمبەر كىم؟ ئىمان دېگەن نېمە؟ قۇرئان دېگەنچۇ؟ بۇلارنى ئۆگەتمىگەن تۇرسا، مەن بۇلارنى نەدىن بىلەي! ئىچىم تامامەن بوش تاغا، ھەر قېتىم ئەزاننى ئاڭلايمەن، ئەمما مەسجىدگە بارمايمەن، بۇنىڭدىن سىقىلىش ھېس قىلىمەن، بەزىدە ناھايىتى قورقۇنچلۇق خىياللار بىلەن ئۆزەمنى ئۆلتۈرىۋالغۇم كېلىپ قالىدۇ، مەن ئۆتۈپكەتكەن بىر بەختسىزمەن، مەكتەپتە دىنىمنى خاتا ئاڭلاتتى، «مۇللا مەدەنىيەتنىڭ، دىن تەرەققىياتنىڭ دۈشمىنى» دېدى. ئائىلەمگە بولغان مۇھەببىتىم كۆنسېرى سۇغېدى، ھازىر، يالغانغا، قىمارغا، ھاراققا كۆنۈپ قالدىم، ئەمدى مەن تۇگەشتىم تاغا. بىر قارلىغاچ چېغىدا دان ئىزدىگىلى چىقماقچى بولسا «بالىلىرىم ئۇۋىسىدىن چۈشۈپ كېتىپ قالارمۇ؟» دەپ پۈتىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويۇپ كېتىدىكەن. بىرەرسى چۈشۈپ كەتكۇدەك بولسا باشقىلىرىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالىدىكەن ـ دە قايتىپ كەلگەندە قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىكەن.

گېپىڭىز توغرىمۇ تاغا؟ دادامنىڭ ماڭا بولغان شەپقىتى، ئانامنىڭ مېھرىبانلىقى بىر قۇش قەدەر يوق ئەمەسمۇ؟ ئەمما ئۇلاردىن ھەققىمنى ئالىمەن، مەن گۇناھسىز، نادانمەن... دەپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ يىغلاپ كەتتى. چۈنكى قەلبى جاراھەتلەنگەن ۋە ۋىجدانسىز بىر دادىنىڭ قولىدا قالغان بۇ كەبى ياشلارنىڭ يىغىسى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى بولغاي، مەنمۇ يىغلاپ تاشلاپتىمەن. ئاخىرىدا ئۆزەمنى تۇتىۋالالماي: «مۇنەۋۋەر مىللىتىمنىڭ ھەقىقىي ئەۋلادى، ئەجدادىڭ كەبى

«ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارا قىلغۇچىدۇر)، مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ھەق دىنىنى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى.» (سەف سۈرىسى 8 ـ 9 ـ ئايەت)

ئەينى زاماندىكى ئەبۇ جەھل بۈگۈنكى كۈندىمۇ بار. ئەمما ئەبۇ جەھل كەبى بولغانلارمۇ جازاسىنى كۆرىدۇ.

چۈنكى كۈمۈت ۋە بۈگىگە چاغلىق ھاشاراتلارغا ئاش قازان بەرگەن ئاللاھ بۇ زالىملارنىڭ جازاسىنى بېرىشكىمۇ قادىردۇر.

قېرىنداشىم ماڭا قۇلاق سال:

تەبىئەت ئوقۇپ نەسلىنىڭ مايمۇندىن ئاپىرىدە بولغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغانلارغا دېگىنىكى: ئۇنى مەنمۇ ئوقۇدۇم، ئۇ مەنتىقسىز ۋە سەپسەتىگە ھېچ قاچان ئالدانمىدىم، ئۆمۈچۈكتىن نومۇسنى، ھەسەل ھەرىسىدىن تىرىشچانلىقنى ئۆگەندىم. تارىخ ئوقۇدۇم، ئىبرەت ئېلىپ تەدبىر ئۆگەندىم. پىزىك، خىمىيە ئوقۇدۇم تەپەككۇر قىلدىم. ئاستىرىنومىيە ئوقۇدۇم ھەقىقەتكە قۇچاق ئاچتىم. ئېيتىپ باق، سەن نېمە ئۈچۈن دىندىن ئازدىڭ؟ «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ياشلىقىنى تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ياشلارنى ياخشى كۆرىدۇ.» بۇ نېمە دېگەن كاتتا مەرھەمەت! شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەندىن ئارتۇق بەخت بولامدۇ؟

غەنىمەت بىل...!

«بەش نەرسىنى بەش نەرسىدىن ئىلگىرى غەنىمەت بىلگىن، ياشلىقىڭنى قېرىلىق يېتىشتىن ئىلگىرى، تەن ـ ساقلىقىڭنى كېسەل بولۇشتىن ئىلگىرى، بايلىقىڭنى نامرات بولۇشتىن ئىلگىرى، تىرىكلىكىڭنى ئۆلۈمدىن ئىلگىرى، بوش ۋاقتىڭنى مەشغۇللۇقتىن ئىلگىرى غەنىمەت بىلگىن."

ھاياتنىڭ قىممىتىنى بىلىشنى خالىساڭ، قەبرىستانلىققا بار كۆر. بىر زامانلاردا قۇش تۇكىدىن كۆرپىلەردە ياتقان دۇنيانىڭ ئاتاقلىق ئەرباپلىرى ئەمدى تۇپراقتا ياتىدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوينىغا ئالغان قارا تۇپراق، سېنىمۇ ئاياپ قالمايدۇ، قارا كۆزلىرىڭگە ھامان بىر كۈنى تۇپراق تىقىلىدىغانلىقىنى ئويلا، ئويلىغىنىكى، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تىرىك ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلا، ساغلام تۇرۇپ ئۆلۈككە ئوخشاش بولما، بۇ نېمەتنى ۋەھشىلىك ۋە ياۋۇزلۇق جىلغىلىرىدا چىقىم

«كىمكى كۆلۈپ تۇرۇپ گۇناھ ئىشلىسە يىغلاپ تۇرۇپ دوزاخقا كىرىدۇ.»

يىغلىماي تۇرۇپ كۈلەلمەيسەن. بۇ ھەدىسنىڭ تېگىگە چۆك، ئويلاپ باق، ئۆزەڭنىڭ قاتىلى بولما. نەمرۇت كۆپ كۈلدى، چىۋىننىڭ مەسخىرىسىدىن قۇتۇلالمىدى. دۇنيادا ھايات قالغان، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ جازاسىنى تارتمىغان كىشى بارمۇ؟ ۋاقىت تاپقان ھامان چايخانا ۋە قەھۋەخانىلاردا شىششىخال ئاتىدىغانلارغا رەپىق بولما. ياشلىقىڭ بىر قۇش كەبى ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن داۋان ئاشالمايسەن. سەپەر بار ھازىر بول...!

«كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرىمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. ئوتتۇراھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسەيتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يېقىمسىزى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر.» (سۈرە لوقمان 18 ـ 19 ـ ئايەت)

ئى ئىنسان نېمەڭگە ئىشىنىسەن؟ پۈتۈن ئالەمنىڭ رەھمىتى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا كۆز يېشى تۆكەتتى. بېشىنى سەجدىگە قويغان پېتى ئۆزىنى ئۇنۇتاتتى.

ھەي ... سەن! «مەيخانىلاردا ئۆزەمنى ئۇنتۇيمەن» دېگىنە. مال ـ مۈلۈك، يۈز ـ ئابروي نېقەدەر يۈكسەلسە مەنىۋىيەتتىن شۇ قەدەر ئۇزاقلاش دەيدىغان قائىدە بارمۇ؟

مەلۇم بىر شەھەرگە بارغان ئىدىم، قىرىق مىڭ نوپۇسى بار بۇ شەھەرنىڭ جەمەلىرىدە مىڭ ئادەم يا بار يا يوقتى. ئومۇمەن ھەممىسى دېگۈدەك مۇسۇلمان بولغان بۇ شەھەر خەلقى نەگە كەتكەن ئىدى؟ ھەيرانلىقتىن جامائەتنىڭ بىرىدىن سوردۇم:

ــ بۇ شەھەردە خرىستىئانلار قانچە پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ؟

ــ خرىستىئان يوق، ھەممە شەھەر خەلقى مۇسۇلمان، ئەلھەمدۇلىللاھ.

ــ ئۇنداق بولسا بۇ شەھەرنىڭ ئاقىل ۋە بالىغ ئەرلىرى ساياھەتكىمۇ كەتتى؟

ــ ياق.

ــ تولىگە قامىلىپ قالدىمۇ يا؟

ــ بىز ھۆر مىللەتمىز ئەپەندىم، خۇدا كۆرسەتمىسۇن، چۈنكى بىز تۈركلەر ئەسىر بولۇشنى بىلمەيمىز.

ــ ئۇنداق بولسا ئۇلار جەمەگە نېمىشقا كەلمەيدۇ؟ ياكى ناماز ئوقۇمامدۇ؟

ــ ئوقۇيدۇ، ئەمما كۆپ قىسمى ئوقۇمايدۇ، نېمە دېيىشنى بىلمەيمەن؛ مەدەنىيەت ئەپەندىم. ياۋروپالاشتۇق، يەنى ئۇ ياۋروپالىقلار ناماز ئوقۇمىغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن

ـ مۇنداق دېسىلە! «كومپيۇتېرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق " شۇ ئايەتنى كەرىمىنى بىلىلا:

«پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىز گۇناھكارلارنى چوقۇم جازالايمىز.» (سۈرە سەجدە 22 ـ ئايەت)

ئاڭلاپ تۇرۇپ يۈز ئۆرۈشنىڭ، كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ قۇدۇققا سەكرەشنىڭ نېقەدەر ئوسال ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى، بىر كۈنمۇ پەرۋەردىگارىدىن يۈز ئۆرىمىگەن بولاتتى. خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار، ناماز ئوقۇش مەجبۇر، ئوقۇمىسا ياقىسىغا ئېسىلىمەن دېگىنىم يوق، پەقەت ئۆزى مۇسۇلمان، مۇسۇلمانلىقىغا ئىشەنچى كامىل، ئەقلى ھوشى جايىدا كىشىلەرگە، قېرىنداشلارچە ئاللاھنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزۈۋاتىمەن. دىنىمىزدا مەجبۇرلاش يوق، چىن قەلبىدىن سەمىمىيلىك بىلەن قىلىنمىغان ئىبادەت پايدا ئورنىغا زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەمما شۇ بىر ھەقىقەتكى، قەلبىدە زەررە قەدەر ئىمانى بولغان بىر ئادەم ئىمانسىز دەھرىلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا نۇر چېچىۋاتقان بىر قۇياشقا ئوخشايدۇ. ھەر قانداق بىر شەخستە ھەقىقىي ئاللاھ قورقۇنچىسى بولمىسا، ئۇنداق شەخستىن ھېچ قانداق بىر ياخشىلىق ئۈمىد قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى دۇنيا تونۇپ يەتتى. مانا بىز مۇسۇلمانلار تارىختىن بېرى ئىنسانلارنى دۇنيا يانغىنىدىن ساقلاپ

«ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز» دېگەن ئايەتنى كەرىمە بىلەن زالىملارغا يان تاياق بولۇپ، تەخسىكەشلىك قىلىۋاتقان خۇشامەتچى غالچىلارغا تەنبىھ بېرىلمەكتە.

بۇ دۇنيادا، ئاللاھنى تىلىغا ئالالايدىغان تۇرۇپ، تىلغا ئالمىغانلار ھالاكەتكە مەھكۇمدۇر. دىنسىزلىقتا، دەھرىيلىككە چاقىرىپ، دىنى قانۇن ۋە ئىبادەتلەرگە تىل ئۇزىتىپ ھارامزەدىلىك قىلغانلارغا ئىلاھى پەرمان شۇنى بىلدۇرىدۇكى:

«ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدە ئاللاھنىڭ نامىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسقان ۋە ئۇلارنى ۋەيران قىلىشقا ئورۇنغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ مەسجىدلەرگە ئۇلارنىڭ پەقەت قورققان ھالدا كىرىشلىرى لازىم ئىدى، ئۇلار دۇنيادا رەسۋا بولىدۇ، ئاخىرەتتە چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) دۇچار بولىدۇ.»

سەن بۇ ئايەتنى كەرىمىنىڭ ئالدىدا ئىگىلمەمسەن ۋە ئىگىلمەمدۇ؟ دېمەككى مەسجىدگە كىرىشتىن قاچقانلارنىڭ شەيتان ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكى بىلىندى، شۇنداقلا ناماز ۋاقتىدا ئەزان ئاڭلاپ قالىمەن دەپ، قولىقىنى يوپۇرغان، مەيخانا پۇچقاقلىرىدا پۈركۈنگەنلەرنىڭ نۇردىن قورقىدىغانلىقى بىلىنىپ قالدى.

سەن بۇلارنىڭ قايسى تائىپىسىدىن؟ جاۋاب بەر! ئېيتىشىدۇكى، ناماز ئوقۇغانلارنىڭ ۋە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ ھالى تايىنلىق. مېنىڭ قەلبىم پاكىزى، قەلبىم

«ئۇلار گاستۇر (يەنى گاس ئاڭلىمىغاندەك ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر (يەنى گاچا سۆزلىيەلمىگەندەك ھەقىقەتنى سۆزلىيەلمەيدۇ) كوردۇر (يەنى كور بولۇپ قالغاندەك توغرا يولنى كۆرەلمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار گۇمراھلىقتىن قايتمايدۇ.» (سۈرە بەقەرە 18 ـ ئايەت) ئۇلارغا بۇ سۈپەتلەر يېتىپ ئاشمىغاندەك يەنە ئۇلار ھەددىدىن ئاشىدۇ.

مۇسۇلمان دىققەت!

«كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتەلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، جىبرائىلنى، مىكائىلنى دۈشمەن تۇتىدىكەن، (ئاللاھنى دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ)، شۈبھىسىزكى ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ .» (سۈرە بەقەر 98 ـ ئايەت)

قەلبىدىن نىجاسەت، ئاغزىدىن سېسىق پۇراق چېچىپ، قەلبىدە شەيتان ئات ئوينىتىۋاتقان ئاللاھ دۈشمەنلىرىنى تونۇغىن. تۇنىغىن ـ دە ئۇلارغا ئوخشاش كاپىر بولما. ئورۇق ـ تۇغقان، بالا ـ چاقىلىرىڭنى بۇ غاپىللار گۇرۇھىغا قوشما، بۇنداق ئازغۇنلار ئۆزىنىمۇ ياخشىلىققا يېتەكلىيەلمەيدۇ.

جەننەت يولىنى قانداق كۆرستەلەيسەن؟

ھۆرمەتلىك ئوقۇغۇچى، بىر پوپ بىلەن مۇسۇلمان بىر تۈرك بالىسى ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن شۇ سۆزگە دىققەت قىل: بىر پوپ بىر كۈنى شەھەرگە كېلىپ چىركاۋنى تاپالماي بىر بالىدىن سورايدۇ:

ــ ئوغلۇم، مەن بۇ شەھەرگە مۇساپىر كىشى، چىركاۋنى تاپالمايۋاتىمەن، بىلسىڭىز كۆرسىتىپ قويغان بولسىڭىز؟

ــ بولىدۇ پوپ تاغا.

ئۇلار يولغا چىقىپ بىر  ئازدىن كېيىن چېركاۋغا يېتىپ كېلىدۇ، پوپ:

ــ بالام سەن ياخشى بالا ئىكەنسە، مە بۇ پۇل ۋە كەمپىتلەرنى ئېلىپ، ئەتە بۇ چېركاۋغا كەل، ساڭا مەن جەننەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويىمەن،

ــ بولىدۇ تاغا، ئەمما سىز چىركاۋنىڭ يولىنى ئۆزىڭىز تاپالمىغان تۇرۇغلۇق، ماڭا جەننەتنىڭ يولىنى قانداق كۆرستىپ قويىسىز؟

قېرىندىشىم قۇلاق سال، ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈلگەن مۇنارلاردا ئىلاھى پەرمان ئوقۇلۇپ مۇئەززىن: «ئى جەمە يولىنى تاپالمىغانلار، جەمە بۇ تەرەپتە، جەمەنىڭ ئورنىغا مەيخانىلارغا كەتمەڭلار» دەپ چاقىرغاندا، جەمەگە كېلەلمىگەنلەر، كۆزلىرى ئوچۇق تۇرۇپ كۆرەلمىگەنلەر، ئۆز ھالىنى ئۆزى بىلەلمەيدىغان ئو دەھشەتلىك كۈندە جەننەتنىڭ يولىنى قانداق تاپالايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمامدىغاندۇ؟

كۆرلەرنىڭ ھالىنى جانابى ئاللاھ:

«بۇ دونيادا كۆر ئادەم ئۇ دۇنيادىمۇ كۆر ۋە تېخىمۇ گۇمراھ يولدا بولىدۇ.» (سۈرە ئىسرا 72 ـ ئايەت) دەپ ئۇختۇرىدۇ. بۇ نېمە دېگەن گۈزەل ئاگاھلاندۇرۇش!

دىققەت قىل، «مېنىڭ كۆزلىرىم ساغلام، دوختۇر ئىسپات قەغىزى بەردى، مەن بۇ ئايەت كۆرسەتكەن قارغۇلاردىن ئەمەس» دېمە، بۇ قەلب كۆزى كۆرلەر ۋە ئەبۇ جەھىلگە ئوخشاش ھەقىقەتنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆرمەسلىككە سالغان بەتبەختلەر ئۈچۈن تەنبىھتۇر.

بولمىسا ئىلاھى كاچات ئاستىدا ئىڭرايسەن، ھېچ نەرسىدىن قورقما، پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە قىلغان نەسىھىتىگە قۇلاق بەر:

«ئى ئەلىي قورقما، پەقەت گۇناھىڭدىن قورق، ئى ئەلىي، يالۋارما پەقەت ئاللاھقا يالۋار.»

دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن زالىملارنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭنى ساغارتما، سېنى تۇگەشتۈرىدىغىنى ئۆز گۇناھىڭدۇر، بۇنىڭغا دىققەت قىل، ئۆز قولۇڭ بىلەن دوزاخ چاقىرىقىنى يازما، ئۆز ئوراڭنى ئۆزۈڭ قازما، زالىملارغا ئوخشاش ئازما، ئازمىغىن ـ دە پەرۋەردىگارىڭنىڭ شۇ پەرمانىغا قۇلاق سال:

«زالىملارغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچى يوقتۇر، ئاندىن كېيىن ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر.» (سۈرە ھۇد سۈرىسى 113 ـ ئايەت)

موھتاجغا موھتاج بولما، مايىلمۇ بولما، ئاللاھقىلا تايان، تايانغىنىڭ، پانى دۇنيانىڭ يولۇچىسى بولۇپ تۇرۇپ، پەرۋەردىگارىڭ ئالدىدا پەرىشان بولما.

بۇ دۇنيا ساڭىمۇ قالمايدۇ!

«دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ـ كۈلكە ۋە غەپلەتتىن ئىبارەتتۇر، شۈبھىسىزكى، ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقىي ھايات (يورتىدۇر)، ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى.» (ئەنكەبۇت سۈرىسى 64 ـ ئايەت)

قېرىندىشىم ياخشى ئويلاپ باق، ئولتۇرىۋاتقان ئۆيۈڭنىڭ، تېرىپ يەۋاتقان يەرلىرىڭنىڭ، مال ـ مۈلكۈڭنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى كىم؟ بۇرۇنقى ياشانغانلارنىڭمۇ بىرەر ئۈمىت ئارزۇلىرى بولغان بولغىيتتى. دۇنياغا ھاكىم بولغان خاقانلارغا، پادىشاھلارغا ۋاپا قىلمىغان بۇ دۇنيا سىنىمۇ ئاياپ قالمايدۇ، سەن بۇ دۇنياغا بىر مېھمان، مېھمان تۇرۇپ ئۆي ئىگىسىگە ئوخشاش بولىۋالما!

بىر جەمەدە ۋەز نەسىھەت قىلىۋېتىپ جامائەتكە:

«مۆھتەرەم جامائەت، مەن بىر مۇساپىر، بۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرىمەن، ئەگەر مېنى ياخشى كۆرسەڭلار، تەلىپىمنى ئورۇنداپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن، ماڭا دەرھال ئىككى كۈن ئىچىدە بىر يۇرۇش ئۆي سېلىپ بېرىڭلار، مەن ئۇ ئۆيدە ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئاندىن كەتمىسەم بولمايدۇ» دېدىم.

جامائەت نېمە دېيىشلىرىنى بىلمەي بىر مەھەل تۇرۇپ قېلىشتى، «ئەجەبا بۇ ئاخۇنۇم مەيخانىدىن كەلدىمۇ، ياكى جۆيلەۋاتامدىغاندۇ!» دەيدىغان ھالغا كەلدى. بۇ ئارىدا ئارىدىن بىرەيلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە مۇنداق دېدى:

ــ مۆھتەرەم ئۇستازىمىز، ئىككى كۈن تۇرىدىغان بولسىلا ئۆي سېلىپ يۈرۈشنىڭ كېرىكى يوق، سىلىنى ھەممىمىز ياخشى كۆرىمىز، سىلە ئۈچۈن ئۆيىمىزنىڭ ئىشكى ئوچۇق، قايسىمىزنىڭ ئۆيىنى خالىسىلا، شۇ ئۆيدە تۇرسىلا بولىدۇ. ئەمما سىلىنىڭ بىزدىن ئىككى كۈن ئىچىدە بىر يۈرۈش ئۆي بىنا قىلىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلغانلىقلىرىغا...!

جامائەت ھەقلىق ئىدى، چۈنكى ئىككى كۈن تۇرىدىغان بىر ئاخۇنۇمنىڭ قىلغان ۋەز ـ نەسىھەت بەدىلىگە بۇ تەكلىپتە بۇلۇشى تۇلىمۇ بىمەنە ئىش ئىدى. ئاندىن جامائەتكە دېدىمكى:

ــ مەن بۇ يەرگە مۇساپىر بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ھەققىمنى ئالالمىدىم. تەكلىپىمدىن ۋاز كەچتىم. ئەسلىدە ئىككى كۈنلۈك مېھمانىنىڭ ئۆيگە ئېھتىياجى يوق، ئەمما مۇنۇ سوئالىنىڭ جاۋابىنى بېرىپ بېقىڭلار: ئاراڭلاردا مېنىڭ مۇشۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۆلمەيدىغانلىقىمغا كاپالەتلىك قىلالايدىغانلار بارمۇ؟

ــ ......

پۈتۈن جامائەت جىمجىت ئىدى، چۈنكى ئۆلۈم سەپىرى بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ كىمگە كېلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس، دە ـ مانا مەن دەپ مەيدانغا چىقسۇن. شۇنداق قىلىپ ئۆلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنياغا بىر مۇساپىر ئىكەنلىكلىرىنى چۈشىنىپ يىغلاشقا باشلىدى. يەنە دېدىمكى:

ـ ئى ئۇممىتى مۇھەممەد! سىلەر بۇ دۇنيادا بىر يولۇچى تۇرۇغلۇق دۇنياغا بۇ قەدەر كۆڭۈل باغلىدىڭلار، بەسبەستە ئۆي ـ ئىمارەتلەر سېلىپ، خۇددى ئۆلمەيدىغاندەك بىر نەچچە يىللىق ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە كىيىم ـ كېچەك توپلىدىڭلار، ھادىسىلەرگە قارشى كاپالەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن سۇغۇرتا قىلدۇردۇڭلار، ھەرھالدا بۇ بىر ئۆتەڭدە بۇ قەدەر ھازىرلىقلارنى قىلغانلىقىڭلارغا قارىغاندا، ئەلۋەتتە ئەبەدىلىك ھاياتىڭلار ئۈچۈن ھازىر دېمەكتۇر. ئاراڭلاردا بۇگۈن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە ئوخشاش يېمەك ـ ئىچمەكتىن، مال ـ مۈلۈكتىن، ئېپپەت ـ نومۇسىدىن ئەھلى ـ ئايال ۋە بالا چاقىلىرىدىن يۈزى ئۆچۈق ئىمتىھان بېرەلەيمەن دەيدىغانلار بولسا ئورنىدىن تۇرسۇن، كائىناتنىڭ خالىقى ئاللاھتائالانىڭ:

«ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا (بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداش، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن چەكلىنىش بىلەن) تەقۋادارلىق قىلىڭلار، شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، (ئۇ كۈندە) ئاتا بالىغا ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، (شەيتاننىڭ) سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىك بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار.» (سۈرە لوقمان 33 ـ ئايەت) دېگەن ئەمر ـ پەرمانىنىڭ ئالدىدا ئەپۇ پەرمانىنى ئالىدىغان قانچە كىشى بولسا ئورنىدىن تۇرسۇن..؟

ھېچ كىم قوپمايدۇ، ھەممىسىنىڭ بېشى يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، ھەتتا پىرىس ـ پىرىس ئاۋازمۇ يوق. دېمەك بۇ دۇنيانىڭ ئىنسان ئەۋلادىنى ئالداپ كەتكەنلىكى مەيداندا ئىدى. بۇ دۇنيا ھاياتى پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىپ، ئىش ـ ئەمەل ۋە ھايات دەپتىرى قاتلانغان ئالىي سوت ھەمكىمىسىدە جازا مەيداندا:

«(ئۇنىڭغا) ناما ـ ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۇگۈن ئۆزەڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزەڭ گۇۋاھ بولۇشىڭ كۇپايە.» (سۈرە ئىسرا 114 ـ ئايەت) دېيىلگەن چاغدا نېمە دەپ جاۋاب بېرەتتى. پۈتۈن قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ زەررە چاغلىق مىقدارىنى قالدۇرماي ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بۇ كىتاب ئۆز جىنايەتچىسىنىڭ دوزاخقا تاشلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار قورقۇشقا ھەقلىق ئىدى. چۈنكى ئالدىدىكى ھالاكەت ناھايىتى چوڭ، دە...

ئى مۇسۇلمان! پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكىتىڭ دەپتەرگە يېزىلىدۇ، رېسىمغا چۈشمەكچى بولساڭ قىياپىتىڭنى تۈزەشكە دىققەت قىلىسەن، يامان يەرلەردە، تۆت تامنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ گۇناھ ئىشلىگەندە ئۆزەڭنى يالغۇز دەپ بىلىسەن. ئۇنۇتما، ئۇن ئالغۇ ئاپپاراتى بار، ھەر قانداق يەردە بولساڭ بول؛ مەخپى ۋە ئاشكارا پۈتۈن سۆزلىرىڭ لىنتىغا ئېلىنىدۇ. ھۇشيار بول، سىنالغۇ ئاپپاراتى بار، بۇشۇكتىن ـ تۇشۇككە قەدەر ھاياتىڭنىڭ پۈتۈن سەھىپىلىرى فىلىمگە ئېلىنىدۇ، ئەتە قويۇلىدىغان بۇ فىلىمنىڭ باش رولچىسى ۋە مەسئۇل رىژىسسورى سەن بولىسەن، بۇنى جانابى ئاللاھنىڭ ۋەزىپىدار پەرىشتەلىرى ئىجرا قىلىدۇ.

پەسىلىنىڭ كىيىم ئالماشتۇرغانغا ئوخشاش رامىزان مۇسۇلمانى بولما، ئاقىۋەتتە «خەير خۇش جامە، خۇداغا ئامانەت، ھازىردىن باشلاپ ئون بىر ئاي تەتىلدە مەن، جۈمە كۈنلىرى يوقلىغىلى كېلىمەن، مېنى ئۇنۇتما، رامىزاندىكى ئورنۇمنى ساقلاپ قوي، رامىزان يېتىپ كەلگەنگە قەدەر دوستۇم پالانى ـ پوكۇنىلار بىلەن مەيخانىلاردا، قىمار سورۇنلىرىدا ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈيمىز، مېنىڭ چوڭ دادام كاتتا ئۆتكەن ئالىم كىشى ئىكەن، مەن دېگەن ئۇنىڭ ئارزۇلۇق نەۋرىسى» دېيىش بىلەن ياقاڭنى قۇتۇلدۇرالمايسەن.

قېرىندىشىم، قانداق ھالغا چۈشۈپ قالدۇق؟ بۇنى بىلىسەن، ئىنسانلىقتىن يىراقلىشىپ كەتكەنلەر بىزگە تۇزاق قۇردى، بىز بولساق ئۇ تۇزاقنىڭ يىپلىرىنى توقۇپ بېرىپ، ئالدىمىزدىكى ھالاكەتنى كۆرمەيۋاتىمىز!... ئۆز ئىچىمىزدىن بەزى ئىنساپسىز كىشىلەر مەھكىمە ئالدىدا يالغان گۇۋاھلىق بىلەن، قان ئىچىۋاتىدۇ، بەزىلەر «سالپاڭ قۇلاق» بولۇپ، نۇرغۇن گۇناھسىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ زۇلۇم زىندانلىرىدا ئاچچىق ئىڭراشلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىۋاتىدۇ، يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بىر قىسىم دادىلىرىمىز ھېسسىياتقا بېرىلىپ، يوق ئىشلار بىلەن بىر ئوبدان ئائىلىسىنى بوزۇپ يېتىم باللار تەلىم - تەربىيەسىز بۇلۇڭ - پۇچقاقتا بويۇن قىسىۋاتىدۇ، جەمئىيەتتە بولسا نۇرغۇن ياشلار ئىشسىزلىقتىن جېنى سىقىلىپ ھايات يولىنى پاھىشە ئورۇنلىرىدىن، ھاراق سورۇنلىرىدىن، قىمار تاۋكالىرىدىن، خېرويىن بەزمىلىرىدىن ئىزدەۋاتىدۇ، قانۇن، نىزام، تۈزۈم دېيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىجراسى بولمايۋاتىدۇ، كۆرەۋاتىسىلەر ۋە ئاڭلاۋاتىسىلەر، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

نەگە كېتىۋاتىمىز؟ بىز ئۈچۈۋاتقان ئايروپىلاننىڭ ئۇچقۇچىسى كىم؟ قايسى ئايرۇدۇرۇمغا چۈشىدۇ؟ بۇ قارغۇلۇقىمىزنىڭ چېكى يوقمۇ؟ بۇ كەيىپ - ساپا ھاۋايى - ھەۋەسلەرنىڭ ئاخىرلىشىش ۋاقتى كەلمەمدۇ؟

جانابى ئاللاھنىڭ:

«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى (مەيلىگە) قويغۇەت يەپ - ئىچىپ، ئوينىاپ - كۈلۈپ يۈرسۇن، ئۇلار بىھۇدە ئارزۇلار بىلەن بولۇۋەرسۇن، ئۇلار ئۇزاققا قالماي، قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى) بىلىدۇ.» (سۈرە ھىجر 3 - ئايەت) دېگەن تەھدىتنىڭ ئالدىدا تەسلىم بايرىقىنى چىقىرامدىمىز ياكى بۇ غاپىللار توپىنىڭ

ئائىلە، ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ھايۋانىي مەرتىۋىگە چۈشۈرۈپ قويغان؛ پەزىلەت، سەممىيەت ۋە ئەمنىيەت چۈشەنچىلىرىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىۋاتقان غەرب ۋە ئۇزاق شەرق مەدەنىيىتىنىڭ جان تومۇرى قاچان كېسىلىدۇ؟ جاۋاب بېرىپ باق...!

مۇسۇلمان ئويغان...!

سەن ئەۋلادىڭنى بۇ ھالاكەتلىك سەلدىن قۇتقۇلدۇرۇشقا مەجبۇر. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئامانىتىدۇر، خىيانەت قىلالمايسەن. نېمىشقا دېگەندە، سەندە تۈگىمەس ئىمان، تەۋرەنمەس ئەخلاق بار. سەن ئائىلىنىڭ گۈلى ۋە خۇشاللىقى بولغان بۇ بالىلارغا قۇرئان ئۆگىتىشكە تەكلىپتە. مېنىڭ سۆزۈمنى تىڭشىمايدۇ، تۇتقان بولىنى بىلمەيدۇ دەيدىغان بولساڭ، ئىسىت سەندەك دادىغا! تۇرمۇشقا چىقىپ ئەۋلادلىق بولدۇڭ، ئەمما ياخشى ئەۋلادنىڭ دادىسى بولالمىدىڭ، ئىمان سۆيگۈسى سىڭدۈرۈپ قۇرئان ئوقۇتالمىدىڭ، «داداممۇ مۇشۇنداق ئىدى، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش يولدا قالغىن، ئوقۇپ نېمىشقىلىدۇ!» دەپ نادان بالىلارنىڭ ھاياتىنى زەھەرلىدىڭ.

قەدىرلىك دادا، ھازىر پۇرسەت قولۇڭدا، ۋەزىپەڭنى ئورۇندىيالايسەن، ئاللاھنىڭ:

«ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرىغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن.» (سۇرە تاھا 132 ـ ئايەت) دېگەن قانۇنىنىڭ ئالدىدا بوي ئېگىپ ۋەزىپە ئۆتەشنىڭ مەنىۋى لەززىتى بىلەن بەختلىك بولغىن، ئۆزۈڭنى دۇنيانىڭ پار ـ پۇر ھەل بېرىلگەن مال ـ ماتالىرىغا تارتقۇزۇپ قويۇپ ئەۋلادىڭنى بۇ يولدا قۇربان قىلمىغىن. مانا بۇ جەمئىيەت كۆرۈنۈشىدىن بىر ئىبرەت ئەينىكى:

قولىدا دېپلوم، بىر نەچچە چەت ئەل تىلى بىلىدىغان، كىتاب يازىدىغان ئەدىب ۋە شائىر، ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر دەپ نام ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر بار، كۆزلىرى يەر ئاستى مەدەنلىرىنى كۆرىدۇ، ئەمما كۆز ئالدىدىكى قارغۇلار چېغىدا كۆرىۋاتقان ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرمەيدۇ. دارۋىنچە ۋە ماركسچە پەلسەپە سەپسەتىلىرىگە كۆڭۈل باغلىغانلىقلىرى ئۈچۈن ۋەھىيگە ئاساسلىنىدىغان پەيغەمبەر سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ. خۇش، ئەپەندىلەر! غەرب ۋە يىراق شەرقنىڭ پۈتۈن نەزەرىيىسىنى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت، ئەخلاقىنى كۆرۈش ۋە ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدىغان بولسا، رۇسىيەنىڭ دۆلەت باش ۋەكىلى hrushof نىڭ ئامېرىكىغا بولغان بىر قېتىملىق زىيارىتى ئەسناسىدا، ئامېرىكا دۆلەت باشلىقى بىلەن شەھەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا چىركاۋدا باڭ چېلىنىشقا باشلايدۇ، باڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان دېموكراتىيە ۋە ھۆررىيەت لىدىرى بولغان ئامېرىكا دۆلەت باشلىقى خىروشوفنى شۇ يەردىلا تۇرغۇزۇپ قويۇپ چىركاۋدا باتىل بولسىمۇ ئۆز ئېتىقادى بويىچە قولىنى كۆتۈرۈپ پەرۋەردىگارىغا يالۋۇرمىدۇ؟ بۇنى ئوقۇپ كۆرمەمدىغاندۇ؟ بۇگۈن ئىجتىمائىي ھاياتتا دىندار بولۇشنى زىللەت ساناۋاتقانلارنىڭ نەزەر دىققىتىگە!

ئاپتوبۇسلاردا ئورنىنى بوشىتىپ بەرگەنلەرگە رەھمەت ئېيتىدۇ، بىر تال تاماكا بەرگەن كىشىنىڭ ئالدىدا خۇشامەت قىلىپ سەجدە قىلغۇدەك بولۇپ، قىلمىغىنى

كۈنىمىزدە مۇسۇلمانلىق دەۋاسى قىلىدىغان كىشىلەر كۆپ، ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ۋە ئۆتەۋاتقان ۋەزىپىلىرىنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى يىپتىن ـ يىڭنىسىغىچە تولۇق بىلىدۇ. ئەمما قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسىنى، بىر ئايەتنىڭ مەنىسىنى، پەيغەمبىرى كىم، ئىسمى نېمە بولارنى بىلمەيدۇ. باللىرى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالسا، ئارقا ئىشكلاردىن شۇڭغۇپ يۈرۈپ بىر ئامال بىلەن سىنىپ ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ. ئەمما ناماز ئوقۇمىسا، قۇرئان ئۆگەنمىسە سوراپمۇ قويمايدۇ. ھەي بىزلەر بۇ ھالىمىز بىلەن قانداقمۇ قىلارمىز!

سەن بىر قاسساپ...!

سەن دىندىن بىر نەرسە بىلمەيدىغان، دىن بىلەن ھېچ بىر ئالاقىسى يوق مۇتىئەسسىپ بىر قىسىم سەپسەتىچىلەرگە ئالدانماقچىمۇ؟ ئويلاپ باقايلى:

ئوپېراتسىيە قىلىنىشى زۆرۈر بولغان كېسەلنى دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلىدۇ ۋە كېسەلمۇ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن شىپا تاپىدۇ، ئەمما بىر قاسساپ كېلىپ «تەقسىر! مەن كېسىشنى دوختۇردىن ئوبدانراق بىجىرىمەن» دەپ كېسەلنى ئوپېراتسىيە قىلماقچى بولغان بىر قوي قاسسىپىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟ زامانىمىزنىڭ ساختىكار خۇشامەتچىلىرى ۋە ھەقىقەت دۈشمەنلىرىگە ئوخشاش «بۇ بىر يېڭى ئىجادىيەت تەقسىر، بىزنىڭ كۈتىۋاتقىنىمىزمۇ دەل بۇ ئىدى، بارەكەللاھ ساڭا قاسساپ، بىزگە ئوخشاش مەنىۋىيەت دۈشمەنلىرى ۋە يولىدىن ئازغان ئەقىلسىزلارنىڭ ھەققىنى قوغداپ قالدىڭ، بىز سەن بىلەن بىرگە، پىچىقىڭنى ھازىرلا، تەجرىبە قىلىپ كۆر» دەپ جۆيلەمسىز؟ ياكى «قاسساپ ئەپەندىم سىز تۇرۇپ تۇرۇڭ، سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز قوشخانىدا، بۇ دوختۇرخانا، سىزگە ئوخشاش ساراڭلار دوختۇرخانىسىدىن قاچقان ناتاۋانلارنىڭ ئورنى ئەمەس، بىزنىڭ سىزگە بوغۇزلىتىدىغان قويىمىز يوق» دەپ ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرەمسىز؟

شۇنىڭغا ئوخشاش كۈنىمىزدە ئىدىيىۋى جەھەتتىن ھەقىقەت قاسساپلىرى ۋە ئەبۇ جەھىلنىڭ سىرداشلىرى ئېشىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئەينى زاماندا «ئاللاھ ئاللاھ» دەپ جىھاد مەيدانىدا ئات ئويناتقان قەھرىمان ئەجدادلىرىنىڭ بوگۈنكى ئەۋلادىنىڭ ئېتىقادىغا تىل ئۇزارتىپ، ئىمانىغا لاپ ئاتىدۇ. بىلمەيدۇكى، «ئىت قاۋايدۇ، كارۋان يۈرۈۋېرىدۇ.»

مۇسۇلمان قورقما، جانابى ئاللاھنىڭ:

«ئى مۆمىنلەر! مۆمىنلەرنى (دوست تۇتۇشنى) قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار.» (سۈرە نىسا 144 ـ ئايەت) دېگەن پەرمانىنى ئونۇتما، ئۇلارنىڭ سەپسەتە نەزەرىيەلىرىگە قۇلاق سالما. «دىننى ئويۇن ـ كۈلكە قىلىۋالغان، دۇنيا

## كېچە بۇلبۇللىرى...!

مۇسۇلمان ئۇستۇڭىدىكى كۆك گۈمبەز ئاستىدا شۇنداق ئادەملەر باركى، مەشۇقى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز يىغلايدۇ، ئىمانىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ پېشانىسىنى كېچە ـ كۈندۈز سەجدىدىن كۆتۈرمەيدۇ. پۈتۈن ئالەم كېچىنىڭ سىھرى تەسىرى بىلەن ئۇيقىغا غەرق بولغان ئەسنادا كۆزى ئۇيقىغا بارماي، ئاللاھ كالامىنى ئوقۇيدىغان بۇلبۇللار. مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللاھ بۇ ھەقىقەتنى:

«ئەھلى كىتاب ئىچىدە كېچىلىرى ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان بىر جامائە كىشىلەر بار.» (سۈرە ئال ئىمران 113 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ. قېرىندىشىم، ئويلىنىپ باق، سەن كۈندۈز تېخى بۇلبۇل بۇلالمىساڭ، ھالىڭ قانداق بولىدۇ؟ ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ پەرمانىغا قۇلاق سال: «ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرگىنى بىلەن بىرگە بولىدۇ.» دېمەككى سەن ئاللاھنى ياخشى كۆرمەيۋاتىسەن.

ــ نېمە دەۋاتىلا تەقسىر ھېچ بولمىغاندا سىلىچىلىك بولسىمۇ ياخشى كۆرىمىز!

ــ شۇنداق ياخشى كۆرىسىز! ھەقىقىي مۇھەببىتىڭىز قەھۋىچى ۋە چايچى تاغىغا، مەيخانىچى ئاسىيغا، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ چۈنكى ئۇلارنى ھەر كۈنى زىيارەت قىلماي

ئامانلىق سىزلەرگە!

مۇسۇلمان قېرىنداش! دۇنيادا ئۈچ نەرسىدىن ئېھتىيات قىل. مالنىڭ ھارىمىدىن، خوتۇن كىشىنىڭ يامىنىدىن، ئىچىملىك ۋە چېكىملىكلەرنىڭ زەھەرلىك تۇمانلىرىدىن. مانا بۇلارنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرگەن ئادەم، قەلبى ئاللاھ سۆيگۈسى بىلەن سوققان ھەقىقىي ئاشىقتۇر. نەپسىگە ھاكىم بولۇپ، شەيتاننى ئۆمۈرلۈك قاماققا مەھكۇم قىلغانلارغا نېمە دېگەن بەخت!

سىلەر ناھايىتى بەختىيار كىشىلەر، قاراڭلار سىلەرگە ئاللاھ نېمە دەيدۇ:

«بىرنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقانلار يېنىڭغا كەلگەنچاغدا: ‹سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن› دېگىن» ئى ياشلىق ھاياتىنى ئاللاھ ئۈچۈن خەجلەۋاتقان

بىر ھاراقكەش بىلەن تۇرمۇشقا چىقىپ قالغان سالىھ ۋە تەقۋا بىر ئايال ھەر كىچە يولدىشى ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، سەجدىگە باش قويۇپ، كۆز يېشى تۆكۈپ ئاللاھقا يالۋۇراتتى، بۇ ئەھۋال ھەر كۈنى شۇنداق داۋام قىلاتتى. بۇنىڭدىن يولدىشىنىڭ ھېچ خەۋىرى يوق، «ئايالىم مېنى ئالداۋاتىدۇ، ھەي ئىسىت ساڭا» دەپ كۆڭلىدە ئايالىدىن گۇمانلىناتتى. بۇ ئادەم بىر كۈنى چالا مەست بولۇپ كېلىپ ئۇخلىغان قىياپەتتە ئايالىنى كۆزەتمەكچى بولىدۇ. يېرىم كېچىدە ئۇيقىسىنى تاشلاپ، قىبلىگە يۈزلەنگەن ئايال قولىنى كۆتۈرۈپ ئاللاھقا يالۋۇرىدۇ، يولدىشى ئارقىسىدا «بۇ خوتۇن نېمىشقىلىدىغاندۇ!» دەپ يوشۇرۇن كۆزىتىدۇ. يولدىشىنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان ئايال: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن بىر ئاجىز قۇلۇڭمەن، ئالدىڭدا كۆز يېشى قىلىپ ساڭا يالۋۇرىۋاتىمەن، گۇناھىمنى كەچۈرگىن، ئەگەر بۇ تۆككەن ياشلىرىم ۋە قەلبىمدىكى ئىمانىم دەرگاھىڭدا مەقبۇل بولغان بولسا، ھازىر ياتىقىدا مەست يېتىۋاتقان، بەلكى مەندىن گۇمانلىنىۋاتقان ھايات يولدىشىمغا ھىدايەت بەرگىن، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش پېشانىسىنى سەجدىگە قويسۇن، ئۇنىڭغا ھاراقنىڭ نەپرىتىنى بەرگىن، ئى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئىگەم دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن» دەپ كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلايدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قەلبى ئېرىپ ھاياجىنىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىغان يولدىشى يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ پەرۋەردىگارىدىن مۇنۇلارنى تىلەيدۇ:

«ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى كەچۈرگىن، بۇ ئايالىم مېنىڭ ئۈچۈن يىغلاپ ساڭا يالۋۇرۇپ كۆز يېشى قىلىۋاتقان يەردە مەن نېمىشقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلمايمەن! ئى شەپقەتلىك پەرۋەردىگارىم، مېنى بۈندىن كېيىنكى ھاياتىمدا ئىسلامىيەت يولىدىن ئايرىمىغىن، ئىمان نۇرىدىن مەھرۇم قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىم بۇ گۇناھكار يۈزۈم بىلەن ساڭا يالۋۇرىۋاتىمەن...!»

قېرىنداشىم كۆردۈڭمۇ؟ ھەقىقىي ئاشىق بىر ئايالنىڭ بىر تامچە كۆز يېشى يولدىن چىققان يولدىشىنى قانداق يولغا سالدى، يەر يۈزىدە ھەزرىتى پاتىمە ئانىمىز ئەخلاقلىق ئايالىلار، ئۇنىڭغا ئاشىق نۇرغۇن قىزلار بار. سەنمۇ ئىنسانلىقىڭنى، مۇسۇلمانلىقىڭنى ئەنە شۇ ئايالچىلىك بولسىمۇ كۆرسىتىپ باقامسەن؟ مەنىۋىيەت يولچىسى ھەق ئاشىقلىرىغا نېمە دېگەن بەخت!

قېرىنداشىم سەنمۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەت خاتىرجەملىكىگە ئېرىشىشنى، بەخت ـ سائادەت باغچىسىنىڭ بۇلبۇلى، جەننەتنىڭ گۈلى بولۇشنى خالىساڭ، كەل سەن بىلەن ۋەدىلىشەيلى، سەن ئۆزەڭنى شۇ ئازغۇن يولنىڭ، كىر قوللارنىڭ، خائىن دىللارنىڭ، ھارام ماللارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلا، پەخەس بول ئالدانما، ياخشى كۆرۈلگىنىڭنى بىلگىن ۋە ياخشى كۆرگىن، ئېھتىيات قىل، شۇ گۇرۇھلارنىڭ ئىچىدە قالما...!

ۋىجدانى قارا قاتىل ئېسىلزادىلەر!

خەلقىمىزنى قان قۇستۇرۇپ ئىڭرىتىۋاتقان، نارىسىدە بۇۋاقلارنى تۇپراقتا يېتىشتىن مەھرۇم قويۇۋاتقان، قولى پىچاقلىق قاتىل! ۋىجدانى ئازاپلانمايدىغان شەپقەتسىز دادا...!

مۇسۇلمانسەن، بۇ «مۇنەۋۋەر پىلاننىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى» ئۇبدان بىلىسەن. دوستۇم سىزنىڭ بىر قوشنىڭىز باردىغۇ، ھەر قېتىم سىزنىڭكىگە كەلگىنىمدە ئۇلارنىڭ قۇچىقىدا ھېچ بالا كۆرمەيتتىم، ھالبۇكى سىز ئۇنىڭدىن بىر ـ ئىككى يىل كېيىن تۇرمۇشقا چىققان بولسىڭىزمۇ بالىڭىز بار ئىدى. ئۆزەمچە خىيالىمدىن «ئەجەبا بۇلارنىڭ نەسلى كېسىلگەنمىدۇ ياكى ئاللاھ بەرمىگەنمىدۇ!» دېگەندەك خىياللارنى ئىچىمدىن كەچۈرەتتىم. كېيىن ئۇقسام بۇلار ئاتالمىش مۇنەۋۋەر پىلاننىڭ رادىكال قوشۇنلىرى بولۇپ، بالا يۈزى كۆرۈپ جاپاسىنى تارتماسلىق، ياشلىق باھارىنى بالا چوڭقۇتۇشنىڭ دەشتى بالاسىغا قالماسلىق، شۇنىڭدەك بالا ـ چاقىلىق بولۇپ، ماددىي قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولماسلىقتەك سەۋەبلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئاخىرىدا بالىلىق بولماسلىقنى ئەۋزەل كۆرگەن مەدەنى ئېسىلزادىلەر ئىكەن.

دېمەك، ئۇلار تۇرمۇشقا چىقىشتا ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانىي ۋە نەپسانى تۇيغۇلىرىنى قاندۇرۇش بىلەن لەززەت ئالىدىغان، ھاياتنىڭ لەززىتىنى پەقەت ماددىي نەرسىلەردە كۆرىدىغان، ئىنسانلىق قىياپىتىنى تاشقى گۈزەللىكتە بىلىدىغان مەنىۋىيەت دۈشمەنلىرى بالا ـ چاقىلىق بولۇپ نېمىشقىلىدۇ؟ قورسىقىغا ئىككى ـ ئۈچ ئايلىق بولا ـ بولماي جاللات ھازىر ئەمەسمۇ! بۇ جاللات كىم؟ نىيىتى بۇزۇق، قانخور قىزىل ھۆكۈمەت، ئون ئون بەش يىل ئوقۇپ دوختۇرلۇق شەرىپىگە داغ يەتكۈزۈپ ھۆكۈمەتنىڭ قارا نىيىتىگە ماسلىشىپ ئاكتىپلىق بىلەن خىزمەت

«كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر.» (سۈرە ئىسرا 31 ـ ئايەت)

مەدەنىيەت، ياۋرۇپا ۋە يىراق شەرق مىللەتلىرىنى دوراش بىلەن ئائىلىنى مەنىۋى خۇشاللىقىدىن مەھرۇم قىلىپ مازارلىققا ئايلاندۇرىدىغان بولسا تۇف ئۇنداق مەدەنىيەتكە! بۇ مەدەنىي قەتلىئامنىڭ ئاخىرى يوقمۇ؟ ئالدىنى ئالىدىغان بىرەر تۈزۈم ۋە لىزىمچۇ؟

جان قېرىنداشلار، ئەزىز ۋەتەنداشلار! شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز ۋە شۇنداق دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەككى، پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىشىنى، ھەر

ئى مۇسۇلمان ياش قېرىنداشلار ۋە قەدىرلىك دىنداشلار! سىلەرمۇ ئۇزاققا قالماي ئاتا - ئانا بولىسىلەر، بۇ گۇرۇھلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، پەرزەنتىڭلارغا ئىمان روھىنى سىڭدۈرۈڭلاركى، ئۇلارمۇ كېلىچەكتە ئەۋلادىنىڭ قاتىلى بولمىسۇن. بىر قۇچقاچ چېغىدا بالىسىغا باشقا بىرسىنىڭ چېقىلىشىغا رازى بولمايدۇ، ئەگەر چېقىلىپ قالسا ئەتراپىدا ۋىچىرلاپ ھەسرەتتە قان يىغلايدۇ. بىز مىللەتتە بىر قۇشقاچچىلىكچىلىك بولسىمۇ ۋىجدان قالمىدىمۇ؟ ئى قېرىنداشلار سەپىرىڭلار نەگە ئەجەبا!؟ دۇنيا بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ياق ئۇنداق ئەمەس، دۇنيا ھېچكىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ.

«سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشۋەتەلمەيسەن، (ھەر قانچە گىدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا

جان قېرىنداشىم، بۇ دىلى قارا، قولى قان قاتىللارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قۇرئانغا قوچاق ئاچقىن! ئەقلىڭ ھاكىم، ۋىجدانىڭ سوتچى بولسۇن. دۇنيانىڭ تۈرلۈك ھادىسە ۋە ئەشيالىرىغا بولغان كۆز قاراش ۋە پىكىر دولقۇنلىرىغا بوغۇلۇپ قالماي دېسەڭ مۇنۇ تۆۋەندىكى ئىككى شەخسنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىڭ، ئىبلىسلەر گورۇھىغا داخىل بولۇشتىن قۇتۇلۇپ، ئىمان نۇرى بىلەن ھەقىقەتنى ئىدراك قىلغىن.

دىنسىز بىلەن دىندار

سىزگە كۆرە دۇنيا قانداق يەر؟

دىنسىز:

ــ بۇ دۇنيا يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ ياشايدىغان يەر. مېنىڭ بۇ قىسقا دۇنيادا چەكلىك ئۆمرۈمدە ياخشى يەپ، ياخشى كىيىنىشتىن باشقا غايەم يوق، بۇنىڭ ئۈچۈن مىللىتىمنىڭ كۆز يېشىدىن، مەزلۇمنىڭ دەرد ـ ئەلىمىدىن پەرۋايىم پەلەك، ئۆزەمنىڭ تۇرمۇشى باياشات ئۆتسە بولىدۇ. چۈنكى بۇ دۇنياغا ئىككىنچى بىر

دىندار:

ــ دۇنيا ئىنسانلارغا نىسبەتەن بىر مەكتەپ، بۇ مەكتەپنىڭ تەلىم ـ تەربىيەچىلىرى، كېلىپ ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر، ئوقۇش ماتېرىياللىرى ۋەھيىگە ئاساسلانغان ساماۋى كىتابلاردۇر. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن بۇ دىنىنىڭ ئاساسى قانۇنىنى بەلگىلەيدىغان قۇرئان كەرىمدۇر. بىز بۇ كىتابلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىنى تەرتىپكە سېلىپ، ھەر خىل مۇشكىلاتلاردىن خالاس تېپىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتكە ئۇلىشالايمىز. مېنىڭ ۋەزىپەم بۇ مەكتەپنى ئەلا نەتىجىدە پۈتتۈرۈپ جانابى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئىمتىھانغا ھازىرلىق قىلىش بىلەن ئاخىرەت بىلىتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىنسان بولۇپ، خەلقىمگە، ۋەتىنىمگە ئۆزەمنىڭ بىر كىشلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىش ئارقىلىق جانابى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن باشقا غايەم يوق. بىز مۇسۇلمانلار دۇنيادا ئاساسەن جانابى ئاللاھنىڭ:

«ئۇ كۈندە، كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، ئايالىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدىكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ. ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال ـ خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ.» (سۈرە ئەبەسە 34 ـ 39 ـ ئايەت) دېگەن تەنبىھ ۋە

ـ دىنغا بولغان قارىشىڭىز قانداق؟

دىنىسىز:

ـ سورىماي قويۇڭ تەقسىر، كۆرمىگىنىمىز قالدىمۇ بۇ دىندىن؟ ئۇنى قىلاي دېسىمۇ دىن قىلما دېگەن، بۇنى قىلاي دېسىمۇ دىن قىلما دېگەن. بۇ دىن ھەر قاچان نەپسىمنىڭ بەرگەن قارارىغا قارشى چىقىدۇ. بۇ دىن بولمىغان بولسا، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ ھەر ئىش تەرتىپكە كىرگەن بولاتتى.

دىندار:

ـ دىن، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن قويۇلغان ئىلاھى بىر تۈزۈمدۇر. بۇ تۈزۈم دۇنيانىڭ گۈللىنىشىنى، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى قوغداپ ئۇلارغا ئىنسانچە ياشاشنى ئۆگىتىدۇ ھەمدە ھەق ۋە ھەقىقەتكە ئىگە چىقىپ زۇلۇمغا تىز پۈكمەي مەردانە، جەسۇر، تېتىك ۋە روھلۇق بولۇشنى تەلىم بېرىدۇ. ئەسلىدە دىن تۇيغۇسى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىدىكى تۇغما بىر ئالاھىدىلىك. پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقىقەتنى بىزگە خاتىرىلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەر تۇغۇلغان بوۋاق ئىسلام پىترىتى بىلەن تۇغۇلىدۇ.» ئەمما، مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ۋىجدانىنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالماي، خاراكتېرىدىكى دىن تۇيغۇسىنى ئۇنتۇپ يولدىن ئاداشقانلار ھەقىقەتتىن ئايرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نەپسىنىڭ خاھىشىغا، شەيتاننىڭ كۆرسەتمىسىگە قۇل بولۇپ، خىيالىغا كەلگەن ھەرقانداق بۇزۇقلۇقلارنى،

ـ ئى دىنسىز، سىزگە كۆرە ئاللاھ بارمۇ؟

ـ يوق (!) تەقسىر. ئەقىل ۋە مەنتىق قانۇنىيەتلىرى بۇنى كەسكىن رەت قىلىدۇ. پۈتۈن كائىناتقا تەبىئەت ھاكىمدۇر. مەن شەخسەن كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن، تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن ھېچقانداق نەرسىگە ئىشەنمەيمەن.

ـ دىندار، قېرىندىشىم سىز قانداق قارايسىز؟

ـ تەقسىر، بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى، بۇ قەدەرمۇ ئەقىلسىزلىق بولامدۇ دۇنيادا، ئاللاھقا ئىشەنمەسلىك شەيتانىنىڭمۇ ھەددى ئەمەس. ئۇلار ئاللاھنى كۆر كۆزلىرى بىلەن كۆرەلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئىنكار قىلىدۇ، ئەمما ئەقلىنىڭ، ۋىجدانىنىڭ ۋە جېنىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ، بۇلارنى كۆرمەيدىغۇ...! مەن ئاللاھقا شۇنداق ئىشىنىمەنكى، ئۇ يوق ئەمەس باردۇر، بىردۇر، ئەبەدىيدۇر، ئەزەلىيدۇر، تىرىكتۇر، ئۆلمەيدۇر، قادىردۇر، ئالىمدۇر...

سەن دەپ باق دىندارلىقنى زىللەت بىلىدىغان بەختسىز! ئەگەر دۇنيادا سەن خالىغان پۈتۈن ئىش قولۇڭدىن كېلىدىغان بولسا نېمىشقىلاتتىڭ؟

ـ پادىشاھلار كەبى ياشايتتىم ئەلۋەتتە.

ـ بۇ قەدەرمۇ؟

ـ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن دىلىم تارتقان، نەپسىم خالىغان پۈتۈن ئىشلارنى قىلاتتىم شۇ!

ـ ئاخىرىدىچۇ؟

ـ قېرىغاندا دەمسىز؟ ئۇ چاغدا ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىستىراھەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تەن سالامەتلىكىمنى ئاسراش بىلەن كۈن كەچۈرەتتىم.

ـ خۇش ئۆلمەمسىز؟

ـ ئۆلىمەن، بۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنى، ئەمما دۇنيادا باياشات ياشىۋالغىنىم، ھۆكۈمدار بولۇپ، دەۋران سۈرۈۋالغىنىم ئۈچۈن كۆزۈم ئارقىدا قالمايدۇ. چۈنكى ئۆلگەندىن كېيىن تۇپراق بولۇپ تۈگەيمەن خالاس. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ـ تىرىلمەمسىز؟

ـ بۇ مۇمكىنمۇ؟ توغرىسى بۇ سوئالىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن تەقسىر!

مۇسۇلمان قېرىندىشىم سىز دەپ بېقىڭ، دۇنيادا سىز خالىغان پۈتۈن ئىش قولىڭىزدىن كېلىدىغان بولسا نېمىلەرنى قىلىشقا قىزىقىدىغان بولاتتىڭىز؟

ـ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش، ئاخىرەتتە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن جەننەتتە بىرگە بولۇش ئۈچۈن دىن، ۋەتەن ۋە مىللەتكە سادىق بولۇپ، بۇ يولدا ئاداققىچە خىزمەت قىلىشنى ئىنسانىي بۇرچۇم دەپ بىلەتتىم ـ دە بۇ غايەمگە يېتىش ئۈچۈن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرغىچە تىرىشقان بولاتتىم ھەمدە دىنىمنىڭ تەقەززاسى، ئىمانىمنىڭ مۇجىبى بويىچە ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا

ياشلىقىڭىزنى قانداق ئۆتكۈزەتتىڭىز؟

ـ ئاللاھ يولىدا!... ئاللاھ يولى ئۇ شۇنداق بىر يولكى، ئىنساننىڭ پۈتۈن غەم ـ قايغۇلىرىنى، نەپسىنىڭ پۈتۈن ئاپەتلىرىنى توسىدۇ. ھاياتقا ھۇزۇر، جانغا راھەت بېغىشلايدۇ.

ـ كېيىنچۇ؟

ـ ئاللاھ خالىسا ئىش ـ ئەمەل دەپتىرىم ئوڭدىن بېرىلسە، مەھشەردە يۈزۈم ئاق چىقسا، جەننەت ۋە ئاللاھنىڭ جامالىغا نېسىپ بولىمەن.

ئى مۇسۇلمان، بۇ مەزكۇر سوئال ۋە جاۋابلار جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىككى ئېقىمنىڭ دەل ئۆزى. ئى قەلبىگە ئىمان، روھىغا ھۇزۇر ئىزدەۋاتقان ۋە بۇ ئىككى نېمەت بىلەن سايراۋاتقان ئىسلام ۋە جەننەت بولبۇللىرى، بىز بۇ قورقۇنچلۇق ئاپەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالماسلىقىمىز ئۈچۈن قايسى ئىشلارغا دىققەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ ئويلىنايلى: ھەر ئىشىمىزدا ئىماننى قوماندان، نامازنى ساقچى، ئەخلاقنى ئەسكەر قىلغان ئاساستا ئىشنى جەمئىيەتنىڭ ئاساسى مەنبەئى بولغان ئائىلە ئوچاقلىرىدىن ۋە بۇ ئوچاقلارنىڭ ياخشىلىنىشىدىن باشلاش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتىمىزنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەممە بىردەك ئاتلىنايلى.

تۇرمۇشقا چىقىسىز (كىم بىلەن...؟)

كۆزۈڭ يەنە كوچىلاردا شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مەن دېگەن قاش ـ كۆزۈڭنى ئوينىتىپ تۇرىدىغىنىڭغا ئاشىق دېگىنە؟... ئاتا ـ ئاناڭنى تىڭشىمايسەن، دىنىڭغا قارىمايسەن، دىنسىز دېمەي، ئەخلاقسىز دېمەي ھېسسىياتقا بېرىلىسەن، بىر نەچچە ئاي ئۆتمەي مەھكىمىدە «بۇلاشمايمەن، ئاجراشقىلى كەلدىم» دەپ قاقشايسەن. قىز بولساڭ رەستىلەردە لاپ ئاتىدىغان پوچىغا، دادىسىغا مۇشت، ئانىسىغا تەستەك ئاتىدىغان نوچىغا، سۇ ئورنىغا ھاراق ئىچىدىغان توپچىغا، نۆۋەتتى كېلىپ قالسا، سېنى دوغا تىكىدىغان چوڭچىغا ئاشىق بولىسەن. بۇنىڭ نەتىجىسى ھەممىمىزگە ئايان ــ يا ئومۇمنىڭ ئايالى ۋە يا بەتبەخت بىر سەرگەردان... بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلارمۇ زادى سىلەردىن قېلىشمايدۇ، بەلكى دەيدۇكى، «ئوغلۇم پالانى بەك چىرايلىق شۇنى ئېلىپ بېرەيلى، قىزىم پۇستانى بەك باي ئۇنىڭغا بېرەيلى، مەن بىر قولى قىسقا گاداي بىلەن تۇرمۇشقا چىقىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ھاياتتا چىرايىم كۈلمىدى. سەن بولساڭمۇ ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ياشا!»

دوستۇم جەمئىيەت بۇ تىپتىكى ئادەملەر بىلەن تولۇپ تاشقان، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىزمۇ بۇلارغا ئوخشاش بولمايلى، ئۆزىمىزنى ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئۇرمايلى، ھايات تېشىنى ئېتىشتىن بۇرۇن ئويلاپ ئاتايلى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەرىكەت قىلايلى، قارا نېمە دەيدۇ ئۇ قۇلاق سالايلى: «ھەقىقەتەن ئايال (خەق) بىلەن تۇرمۇشقا چىقىشتا، (ئاساسەن) ئۇنىڭ دىنى، ياكى مېلى، ياكى

ئەزىز قېرىنداشىم كەل، بىز بۇ مۇبارەك ھەدىس شەرىپىنىڭ سۈزگۈچىدىن ئۆزىمىزنى ئۆتكۈزۈپ كۆرۈش ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەرگە نەزەر سالايلى:

ئېسىمدە قېلىشىچە بۇندىن تۆت - بەش يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك، ئاپتوۋۇز بېكىتىدە قىرىق - قىرىق بەش ياش ئەتراپىدا بىر ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قالغان ئىدىم. بۇ كىشى ھەدىسىلا جەمئىيەتتىن، جەمئىيەتتىكى ياشلاردىن قاقشايتتى. مەن سورىدىم بالىلىرىڭىز باردۇ؟

- تۆت بالام بار.

- مەن سوراپ باقاي تاغا، بالىلىرىڭىزنى ئىسلام ئەخلاقى بىلەن چوڭىتىپ، تاللايدىغان ھايات يولدىشى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى نەزەرگە ئالدىڭىزمۇ؟

- ئالدىم دېسەم يالغان سۆزلىگەن بولىمەن، بىزنىڭ كۆزىمىزگە ماددىي دۇنيا پەردە بولدى، قىزلىرىم جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدى: «چوڭ قىزىم قىزىل يۇلتۇز رىستۇرانىنىڭ خوجايىنى بىلەن توي قىلىمەن دېسە، كىچىكى مەن گىتار چولپىنى پالانى بىلەن سىناشقان؛ دادا ھەم بىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز، ئارىمىزغا كىرىپ قاتىلمىز بولما!» دەپ تەھدىت قىلدى.

سۆزىنى كەستىم ۋە سوردۇم:

ـ سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوق تۇرۇپ قانداقمۇ بىرى بىلەن سىناشسۇن قىزىڭىز؟

ـ سەن بىلىپ تۇرىسەن پەرۋەردىگارىم، مېنى كەچۈرگىن، ئۇلار ئاشىق بولۇش بىلەن قالسىغۇ مەيلىدى ... دۇنيا ئۆزگەردى بالام؛ ھايا قالمىدى، بىزنىڭ مەھەللىدە بىر قىز بالىسىنى ئالدۇرىۋاتقىلى دوختۇرخانىغا بارغاندا قوشنىلاردىن بىرى كۆرۈپ قاپتۇ!...

ـ قىز بالىمۇ تۇغامدۇ تاغا؟!

ـ ئاھ بالام، ئاھ... بىز نومۇسنى ساقلاش ئۈچۈن جان بېرىشكە رازى ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادى ئىدۇق، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە نېمىمىز قالدى دەيسىز؟ ھەيران بولاۋاتىمەن...!

ـ تاغا نېمىشقا يىغلايسىز؟

كېلىچەكنى ئويلىسام قورقۇنچلۇق خىياللار بىلەن كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ، بەزىدە بۇلارنى ئويلاپ قورقۇنچلىق چۈشلەرنى كۆرىمەن. ھەزرىتى ئەلىي «نومۇسىدىن مەردلىك قىلغان خار، مال ـ مۈلكىدىن مەردلىك قىلغان ئېزىز بولىدۇ.» دەپتىكەن، ئەھۋالىمىز بۇ بالام!

ـ كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ تاغا، سىزنىڭ قىز ـ ئوغۇللىرىڭىز بۇ دەرىجىدە ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىمانى بار، نەسىھەت قىلسىڭىز ئاڭلايدۇ.

دوستۇم، قېرىندىشىم! بىزلەرنىڭمۇ قىز ـ ئوغۇللىرىمىز بولىدۇ، ئۇلارمۇ تۇرمۇش قۇرۇپ ئائىلىك بولغاندا نېمىشقىلىدۇ؟ كەل شۇ ئايەتنى كەرىمىنىڭ مەنىسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ نەزەر سالايلى:

«ئاياللار بىلەن ئۈنس ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھرى ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قوۋم ئۈچۈن شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار .ُ (رۇم سۈرىسى 21 ـ ئايەت)

ھەقىقىي چىن تۇرمۇشتا سەمىمىي مۇھەببەت، سۆيگۈ، مەرھەمەت ۋە ھۇزۇر بولىدۇ. ساختا مۇھەببەت ئەلۋەتتە جەمئىيەتكە بالا بولىدۇ، ئىنسان جىسمانىي تەرەپتىن ماددىي ئوزۇققا موھتاج بولغىنىدەك روھى تەرەپتىن مەنىۋى ئوزۇققا موھتاج، ئائىلىسىنى ئىسلام ئاساسىغا كۆرە تەربىيىلىسە، ھاياتتىن لەززەت ئالالايدۇ ۋە ھۇزۇر كۆرىدۇ. ئەكسىنى دەۋا قىلىش ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تۇللارنىڭ، ئىگە ـ چاقىسىز ۋە تەلىم ـ تەربىيەسىز دىلى سۇنۇق يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ ھالىنى كۆرەلمەيدىغان، بۇنى چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان دەرىجىدە تۇيغۇسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش دېمەكتۇر.

ئون يىل، يىگىرمە يىل يولدىشىنى كۈتكەن، ئۆزىنى نامەھرەمدىن ساقلىغان، نۇمۇسىنى ئۆلسىمۇ ياتقا تەسلىم ئەتمىگەن، ئاياللار بىزنىڭ ئانىلىرىمىز ئىدى. ئەمما كۈنىمىزدە خىيانەتلەر ئۈستىگە خىيانەت، ئۆز ئارا پۈتۈشۈشلەر ئۈستىگە پۈتۈشۈش كۆپىيىپ كەتتى. ساغلام ئاساسقا قۇرۇلمىغان ئائىلە كۈز پەسلىدىكى سارغايغان ياپراققا ئوخشايدۇ، ئۇ ياپراقلارنىڭ ھامان تۆكۈلۈشى مۇقەررەر بولغىنىدەك، بۇنداق ئائىلىلەرمۇ ئەلۋەتتە بۇزۇلىدۇ. نەپس بۇتىنىڭ ئەمرى بىلەن ئوت يېقىلغان ئوچاق ئەبەدىي يانىدىغان بولسا ئىدى، شەيتان ئاسماندىكى ماقامىدا قېلىپ لەنەتكە دۇچار بولمىغان بولاتتى.

قېرىندىشىم! ئۆيلەنمەكچى بولساڭ دىققەت قىل، شۇ نۇقتىدىن ئايرىلما: دىندارنى ئىزدە، سېنى دىندىن چىقارمىسۇن، نومۇسچاننى ئىزدە، نومۇسىنى ساقلىسۇن، ئىمانى بارنى ئىزدە قورسىقىڭغا ھارام قاتمىسۇن، ئەخلاقى بارنى ئىزدە سېنى رەسۋا ئەتمىسۇن... ھاياتنا ھۇزۇر، ئائىلىدە خۇشاللىق قەبرىدە نۇر خالىساڭ بۇلارنى قىلغىن.

ھۆرمەتلىك ئانا، ئاچا ۋە سىڭىللىرىمىز! سىلەر بىزنىڭ پەخرىمىز، چۈنكى سىلەر شېھىدلەرنىڭ، غازى يىگىتلەرنىڭ ئانىلىرى ۋە ئانىسى بولىسىلەر. يەنە شۇنىڭدەك نومۇسلۇق چېھرىڭلارنى ۋە ئىپپەتلىك ئەخلاقىڭلارنى كۆرۈش بىز ئۈچۈن ئۇنتۇلماس بىر شەرەپتۇر. سىلەرنى ياراتقان جانابى ئاللاھ نېمە دەيدۇ قۇلاق سېلىڭلار:

«مۆمىن ئايالالارغا ئېيتىپ قويغىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن.» (سۇرە نۇر 31 ـ ئايەت) سىلەر بۇ ئايىتى كەرىمىنىڭ ئەمرىدىن ئايرىلماڭلار، بەختىيار ئائىلەڭلەردە كۆرۈۋاتقان مەنىۋى ھۇزۇرنى خاتىرلەڭلار، سىلەرگە بۇ چەكسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىڭلارغا شۈكۈر قىلىڭلار. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ھەزرىتى پاتىمە ئانىمىزغا ئوخشاش بولۇڭلار. چۈنكى سىلەرنىڭ تومۇرۇڭلاردىكى قېنىڭلار قەلبىڭلاردىكى ئىمانىڭلار بۇنىڭغا بۇيرۇيدۇ، باشقا يول تۇتالمايسىلەر. خائىن كۆز ۋە خائىن قەلبلەرنىڭ يامانلىقىدىن ئۆزەڭلارنى ساقلاڭلار.

جەننەتكە لايىق ئايال

قىز قېرىنداشلىرىمىز! سىلەر ھەر بىر سۆز ۋە ھەرىكىتىڭلاردا توغرا بولۇڭلار. ھەزرىتى پاتىمە ۋە ئائىشە ئانىمىزنىڭ يولىدا مېڭىڭلار، ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار قانداق مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلەمسىلە؟ بۇنى مەن ئەمەس، بىز ئۇممىتى ئۈچۈن يىغلاپ، زارلىغان پۈتۈن ئالەمنىڭ رەھمىتى ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ: «بەش ۋاقىت نامىزىنى ئوقۇغان، رامىزان روزىسىنى تۇتقان، نۇمۇسىنى (ھارامدىن) ساقلىغان، يولدىشىغا ئىتائەت قىلغان خاتۇن جەننەتكە كىرىدۇ.»

بۇ نېمە دېگەن بۈيۈك بىر مەرھەمەت! سىلەر بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتىسىلەر. ئەمما قىسمەن ئايال سۇرەتلىك شەيتان تەبىئەتلىك بۇزۇقلاردىن ھەزەر قىلىڭلار. ئۇلارنىڭ توز سۇرەتلىك ۋاقىتلىق ھاي - ھاي ھاياتى سىلەرنى ئالداپ كەتمىسۇن، شۇم سۇنئى ھەرىكەتلىرى پارلاق كۆرۈنمىسۇن. نامىزىڭلارنى دائىم ئوقۇڭلار بالىلىرىڭغا قۇرئان ئۆگىتىڭلار، سىلەرمۇ ئوقۇڭلار. ئۆيۈڭلاردا ئىلاھى نۇر چاقنىسۇن. ئەگەر يولدىشىڭلار بۇنىڭ ئەكسى بىر ئىنسان بولسا، ئۇنىڭ بىر يولىنى تېپىپ ئۇنىمۇ مەزكۇر يولنىڭ يولۇچىسى قىلىشقا تىرىشىڭلار. ئۆيۈڭلاردا بالىلىرىڭلار ئاچ - يالىڭاچ تۇرسا، ئاشخانىلاردا بىر نەپسىڭلار ئۈچۈن پېتى مانتا بۇرۇتماڭلار. «پۈتۈڭتى يوتقانغا قاراپ ئۇزات» دېگەن ئاتا سۆزىدىن ئۇزاقلاپ كەتمەڭلار. ئاپتاپتا سۇلىشىپ قالغان چېچەكتەك تۇرۇپ رەستىلەردە مودا قوغلاشماڭلار.

ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان تەبىئىي گۈزەللىك يېتىپ ئاشىدۇ. تاشقى كۆرۈنۈشىڭلارنى ھەر خىل ئالىي ماي - بوياقلار بىلەن پەدەز قىلىشنىڭ ئورنىغا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇكى، «ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بىر ئادەمگە سەجدە قىلىشىنى بويرىيدىغان بولسا ئىدىم، ئەلۋەتتە ئايال كىشىنى يولدىشىغا سەجدە قىلىشىغا بۇيرۇغان بولاتتىم.»

قىز قېرىندىشىم ئويلاپ باق بۇ نېمە دېگەن بۈيۈك پەرمان ھە! سەن يولدىشىڭغا ئىتائەت قىلىۋاتىسەن، ئەمما بەزىدە دېگەن يېرىدىن چىقماي قالىسەن، بۇنىمۇ تۈزەتكىنىڭكى، ئەلەملىك ئازابقا دۇچار بولما.

ساڭا ئوخشاش بىر ئايالنىڭ مۇنۇ ئەقىدىسىنى ئالقىشلا:

بىر ئادەم يېرىم كېچىدە ئۇيقىدىن ئويغىنىپ ئايالىدىن سۇ تەلەپ قىلىدۇ. ئايالى: «يولدىشىمنىڭ يۈرىكى قىزىپ قالغان ئوخشايدۇ» دېگەن ئويدا ياتاق ئۆيىدىكى سۇدىن ئەكىلىپ بەرمەي، پەس قاتتىكى توڭلاتقۇدىن سۇ ئېلىپ چىقىشقا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئايالى ئاستى قاتتىن سۇنى ئېلىپ چىققانغا قەدەر بۇ ئادەم يەنە ئۇخلاپ قالىدۇ، بۇنى كۆرگەن ئايال: يولدىشىم سۇ ئىچمەي ئۇخلاپ قاپتۇ، سۇنى يەنە ئويغىنىپ قالسا ئىچە، ئۇيقۇسىدىن ئويغاتماي قوياي، بەلكى شېرىن ئۇيقىدا ئۇخلاۋاتقاندۇ ياكى بىرەر چۈش كۆرەۋاتقان بولىشى مۇمكىن» دېگەن خىيال بىلەن قولىدا سۇ يولدىشىنىڭ ئويغىنىشى كۈتۈپ تۇردى. بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن

ـ خانىم نېمىشقا ئۆخلىمىدىڭ مىجەزىڭ يوقمۇ يا؟

ـ مىجەزىم ياخشى، سىز سۇ ئىچىمەن دېگەن ئىدىڭىز، ھاۋا دېمىق يۈرىكى قىزىپ قالغان ئوخشايدۇ مۇزدەك سۇ ئىچسۇن دەپ ئاستى قاتتىن سۇ ئېلىپ چىققانغا قەدەر يەنە ئۆخلاپ قاپسىز، شۇڭا سىزنى ئويغانسا سۇ ئىچسۇن دەپ ساقلاپ تۇردۇم. قېنى سۇ ئىچىڭ!

ئايالىنىڭ ئۆزىگە بولغان بۇ كۆيۈمچانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئەر ھاياجېنىدىن كۆزىنى ياشلاپ تۇرۇپ:

ـ ساڭا ئوخشاش ۋاپادار بىر ئايالىم بولغانلىقىدىن مەن ئۆزەمنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلىمەن خوتۇن. قېنى قەدىرلىكىم ھەر قانداق بىر تەلىۋىڭ بولسا ئېيت، مەن بۇ ۋاپادارلىقىڭنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن سېنىڭ ھەرقانداق ئارزۇ ۋە ئىستەكلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھازىر مەن.

ـ سۆزۈمنى بېرىپ!

ـ ......

ـ گەپ قىلىڭچۇ! تەلىپىمنى قاندۇرماقچى ئىدىڭىز، سۆزىڭىزدىن يېنىۋالماڭ...

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئەتىسى ئاجرىشىش خېتى ئېلىش ئۈچۈن ئاپتۇۋۇزغا چۈشۈپ يولغا چىقىدۇ، ئاپتۇۋۇز بىر يەرگە كەلگەندە قاتتىق بىر چاقىدۇ ـ دە ئاپتۇۋۇز

ــ ئۆيگە قايتايلى ئاجرىششىنىڭ ئەمدى ئورنى قالمىدى دەيدۇ.

ــ خانىم بۇ نېمە ئىش؟ تېزلا ئۆزگىرىپ قالدىڭغۇ!

ــ بىز توي قىلغان بىر نەچچە يىلدىن بېرى، ئارىمىز ئىناق، تۇرمۇشىمىز ياخشى بولۇپ كەلدى، ئەمما ۋىجدانىمنى ئازابلاپ، قەلبىمنى يارىلاپ كەلگەن بىرلا مەسىلە بار ئىدى، ئەمدى ئۇ مەسىلىمۇ ھەل بولدى، شۇڭا ئاجرىششىنىڭ ئورنى قالمىدى، ئۆيگە قايتساق بولىدۇ.

ــ سېنى بۇ قەدەر ئازابلاپ، ۋىجدان ئازابىغا دۇچار قىلغۇدەك قايسى مەسىلىنى دەيسەن؟ بىز تۇرمۇشقا چىققاندىن بېرى ئارىمىزدا بىرەر قېتىم سەن ـ پەن دېيىشىپ قالغان يېرىمىز يوققۇ! بۇنى سەنمۇ بىلىسەن؟

ــ توغرا بۇ ھەقتە مەن سىزدىن بەك رازى، ئەمما مەن ھازىرغا قەدەر بىزنى مۇشۇنداق خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلغان ھەمدە ھەدسىز نېمەتلەر بىلەن بىزگە رەھمەت قولىنى سۇنۇپ پەرۋىش قىلىۋاتقان ئىگىمىزنىڭ ئىسمىنى بىر قېتىم بولسىمۇ سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم، مانا بۇ ئىش ئۇزۇندىن بېرى مېنىڭ قەلبىمنى يارىلاپ، ۋىجدانىمنى ئازاپلاپ كەلگەن ئىدى. مانا ئەمدى بۇ ئىسمىنى سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاپ قەلبىم بىرئاندا شىپا تېپىپ، ۋىجدانىم راھەتكە چىقتى.

مۆھتەرەم قىز قېرىنداشلىرىم! سىلەرنىڭ جىنسىڭلاردىن ئەنە شۇنىڭدەك قەلبى پاك، ئىمانى ساغلام، ۋىجدانى ئويغاق ئانىلار ئۆتكەن. سىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئەۋلادىغۇ، يۈرەك پارىسىغۇ، ئەمدى نېمىدەپ ئۇلارغا ئىز باسار بولمايسىلەر؟ نېمە دەپ ئۇلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىگە قوچاق ئاچمايسىلەر؟ سىلەرنىڭمۇ ئىمانىڭلار بارغۇ، ۋىجدانىڭلارنى تېخى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولۇدىغۇ؟ ئىمانىڭلارنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىڭلار، ئەخلاق پەردىسى ئارقىسىدا ئىززىتىڭلارنى بىلىڭلار!

ئى ئاللاھ! بۇ كائىناتتا نېمىدېگەن گۈزەل بەندىلىرىڭ بار! ئەمرىڭگە ئىتائەتمەن سادىق مۆمىن بەندىلىرىڭ بار! پەيغەمبىرىمىزنىڭ پۈتۈن ئۇممەتلىرىنى بۇ ئىستىقامەتتىن مەھرۇم قىلما! ئى پەرۋەردىگارىم! قىز قېرىنداشلىرىمىزنى نۇمۇس كېيىمىدىن ئايرىما! ئامىن يا رەب ئامىن...

يېقىنلاشما! زىنا ھاياسىزلىقتۇر...

ئاڭ - ئىدراك، ھېس - تۇيغۇ تارىيىپ، ۋىجدان ئۆلۈپ، قەلبلەر قارىيىپ، ئاسمان قارا بۇلۇتلار بىلەن، يەر گۇناھكارلار بىلەن تولغان بۈگۈنكى دەۋرنىڭ يولۇچىلىرى كۆزۈڭنى ئاچ، ھۇشۇڭنى تاپ، ئەقلىڭگە كەل!

ئى ئىنسان ئەۋلادى! نەپسانى تۇيغۇلىرىنىڭ ئەسىرى، ئەقىل ۋە ئىدراكتىن مەھرۇم ناتاۋانلارنىڭ بۈگۈنكى پالەج ھالىنى كۆرىۋاتىسەن. مانا ھەر كۈنى دېگۈدەك جىنايى قىلمىشلار، ئەنە غالجىرلاشقان جەمئىيەت شەيتانلىرى...! بىر مەيچى

جانابى ئاللاھ: «زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر.» (سۈرە ئىسرا 32 ـ ئايەت) دەپ پەرمان قىلىدۇ. زىنا قىلىش ئەمەس، ھەتتا زىناغا يېقىنلىشىشتىنمۇ چەكلىگەن پەرۋەردىگارىڭنى ئويلا، يەنە ئۇ زىنا قىلىۋاتقان ئاسىي بەندىلەرنى ئويلا! بۇلار كىمنىڭ بەندىلىرى ئەجەبا؟ قايسى غايىنىڭ يولچىلىرى؟ ئىدراك ئىگىسى ئىنسانلىق سۈپىتى بىلەن بۇ ئەخلاقسىز قىلمىشلارغا ۋىجدانى ئازاپلانمىغان ئىنسان سۈرەتلىك بۇ مەخلۇقلارنى قانداق تىرىك قەلب ئىگىلىرى دېگىلى بولسۇن؟... قېنىڭ بۇزۇلمىغان، ۋىجدانىڭ تىرىك، ئىمانىڭ ساغلام بولىدىغان بولسا، تارىختا ئىسسىق قانلىرى بىلەن داستان يازغان قەھرىمان ئەجدادلىرىڭنىڭ نەسلى ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلا، قېرىنداشلىرىڭنى

«مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن.» (سۈرە نۇر 30 - ئايەت) سەن بۇ ئايەت كۆرسەتكەن بەلگىلىمىدىن ئاشما، ئىتائەت قىل، كۈنىمىزدىكى ئومۇمنىڭ ئايالى بولىۋالغان ھاياسىزلاردىن سوراپ باقكى، ئەجەبا ئۇلار بۇ يولنى ئۆزلىرى تاللىۋالدىمۇ؟ ياق، ئۇلار ۋىجدانسىز ئەركەكلەرنىڭ قۇربانلىرى، نەپسى غالجىرلاشقان توڭغۇز تەبىئەتلىك يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئەسىرى! دېمەككى دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇلغان ھەرقانداق بىر جەمئىيەت ئەنە شۇنىڭدەك ئاقىۋەتكە مەھكۇم بولىدۇ.

ئى قەدىرلىك دادا! ئوغلۇم يۇغۇنىدى دەپ قولىدىن يېتىلەپ مەيخانىغا ئېلىپ بارما، ئوغلۇڭغا نومۇسچانلىق تۇيغۇسى سىڭدۈرگىن. ئى ئەزىزىم ئانا! قىزلىرىڭنىڭ ساندۇقىنى زىبۇ - زىنەت كىيىملىرى بىلەن تولدۇرغان ئىكەنسەن، ئەلۋەتتە قەلبىنىمۇ نومۇس كىيىملىرى بىلەن تولدۇرۇشنى ئۇنۇتما!.. بولمىسا مەھشەر كۈنى ئاللاھ ھوزۇرىدا پېشانەڭگە قارا تامغا بېسىلىدۇ، جەھەننەمگە كىرىشكە مەجبۇر قالىسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇكى،«زىنادىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئۇنىڭدا تۆت خىسلەت بار: يۈزدىن نۇر ۋە گۈزەللىكنى كەتكۈزىدۇ، رىزىقتىن ياخشىلىق ۋە بەرىكەتنى ئۈزۈپ قويىدۇ، رەھمان تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك جەھەننەم ئازابىغا دۇچار قىلىدۇ.»

سەن يۈزى نۇرسىز، رىزقىدا بەرىكەت يوق، پەرۋەردىگارىڭنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولۇپ، ئازابىغا مەھكۇم ھالدا جەھەننەم تۇرۇكى بولمىغايسەن. سەن پۈتۈن ئالەمگە

ئى ۋەتەنىنىڭ ھۆر ۋە غىلمانلىرى! ياخشىلىق بىر نېمەتتۇر. ئۇنىڭغا خىيانەتتە بولمايلى، ھالالنى تاشلاپ ھارامنى قوغلىمايلى، ۋەتىنىگە سادىق، مىللىتىگە ۋاپادار، پەرۋەردىگارىغا ئىمانى، پەيغەمبىرىگە مۇھەببىتى بار، ئەقلى ساغلام، ۋىجدانى ساپ پاراسەت ئىگىسى كىشىلەر ئۆزىنى بىلىپ تۇرۇپ ئوتقا تاشلاشتىن ھەزەر قىلغىنىدەك، زىنادىن ھەم ئۆزىنى تارتىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا مەزكۇر سۈپەتلەردىن مەھرۇم ئىدراكسىز ناكەسلەر سېپىدە جازاغا تارتىلىدۇ. پەرۋەردىگارىنى تونىمىغان، پەيغەمبىرىنى بىلمىگەن، قانۇنى ئىلاھىينى كۆزگە ئىلمىگەن بۇنداق ناتاۋانلارنىڭ ئۇزۇن قۇلاقلاردىن پەرقى نېمە؟ يا ئىگىسىنى تونىمىسا، يا رەھبىرىنى بىلمىسە، ياكى ئەخلاق دائىرىسى ئىچىگە كىرمىسە، بۇ ئوخشىتىش بۇلارغا مۇناسىپمۇ ياكى ئېشىپ كەتتىمۇ؟ ئەقىل ئىگىسى بولساڭ لىللا جاۋاب بېرىپ باق...!

ئى جالالەتلىك ئاللاھ! بۇ ۋەتەنىنىڭ مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنى نۇمۇس يولىدىن ئايرىما، ئىپپەت پەردىسى ئىچىدە ساقلاپ زىنا ۋە نومۇسسىزلىق جىنايىتى بىلەن قەلبىگە مور باسما!... ئامىن، يا رەببەل ئالەمىن...!

تەۋبە يەنە تەۋبە...!

ئىنسان ھاياتى خۇددى بىر چۈشكە ئوخشاش تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ياخشى چۈش ياخشىلىققا، يامان چۈش يامانلىققا ماڭىدۇ. بۈگۈنكى جەمئىيەتىمىزدە شۇنداق بىر خىل ئادەملەر باركى، ئۇلار گۇناھ ماشىنىسىغا چىقىۋېلىپلا ئەتىگەندىن تا ئاخشامغا قەدەر بولۇش پوچقاقلاردىن گۇناھ ئىزلەيدۇ. بۇلار نېمىشقىلماقچى؟ قانۇندىن قاچقان گۇناھكاردەك پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمر ـ پەرمانىدىن نېمىشقا قاچىدۇ! گۇناھ دېڭىزىدا غەرق بولۇپ، جېنى ھەلقۇمىغا كەلگەن تۇرۇغلۇق خۇددى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ بولغان جىنايەتچىگە ئوخشاش جەھەننەمنى كۈتۈپ ياتىدۇ. نېمىشقا گۇناھىنى تونۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەپۇ كېمىسىگە چىقىشقا ھەرىكەت قىلمايدۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ:

«ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» (سۈرە زۇمەر 53 ـ ئايەت) دېگەن پەرۋەردىگارىنىڭ پەرمانىدىن خەۋىرى يوقمىدۇ؟

مەزكۇر ئايەتنى كۆردۇڭمۇ؟ كۆرگەن بولساڭ «گۇناھكار مەن» دەپ ئۈمىدسىزلەنمە، گۇناھىنى تونۇپ دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلغانلارنى گۇناھىدىن ئۆتۈپ كەچۈرۈم قىلىدىغان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۇزۇرىدا تەسلىم بايرىقىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا تىزلان، كۆز يېشى قىلىپ سەجدىگە باش قوي، كېچە ـ كۈندۈز دېمەي تەۋبە يېشى بىلەن قارا يۈزۈڭنى يۇغىن، تەۋبە قىلغىنىڭغا ئۆزەڭمۇ قەتئىي ئىشەنگىنكى ئىككىنچى قېتىم تەكرار گۇناھ دېڭىزىدا بوغۇلۇپ قالما. شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى

كۆزۈڭدىن ئاققان ياشلار قىلمىشلىرىڭغا سەممىمىي پۇشايمان قىلغانلىقىڭنىڭ نامايەندىسى بولىدىغانلا بولسا قورقما، ئاللاھنىڭ ئەپۇ مەرھەمىتى كەڭدۇر، خۇشاللىقىا ئېرىشىسەن، ئەمما تەكرار ئارقىغا ياناسلىق شەرتى بىلەن. جانابى ئاللاھ ئۆز بەندىلىرىنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىدۇكى، گۇناھ ساھىلىدا تىڭىرقاپ قالغان بەندىلىرىنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا سەممىمىي تەۋبە قىلىڭلار، ئۇممىدكى پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ.» (سۈرە تەھرىم 8 ـ ئايەت) ئى گۇناھكار ئىنسان قۇتۇلۇش ئىشىكى ساڭا ھەر زامان ئوچۇقتۇر. كەل جەننەت ئىشىكىگە تاقىلىپ قالماي راھەت بىلەن كىرىشكە تىرىش. گۇناھىڭ سېنى تاشلاشتىن بۇرۇن سەن ئۇنى تاشلا. گۇناھ قىلغىلى بولمايدىغان ئاللاھ ھۇزۇرىدا «ھاياتى دۇنيادا شەيتاننىڭ خىزمەتچىسى، نەپسىڭنىڭ قۇلى بولدۇڭ، ناھايەت ئۇلارنىڭ ئىشىكىدىن

مانا تۆۋەندە ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن بىر سۆزچى بۇۋاينىڭ ئىبرەت مەنزىرىسىگە بىردەك نەزەر سالايلى:

يىللارچە ئۆمرىنى ساز چېلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، گۇناھ بازارلىرىدىن بىر كۈنمۇ قالماي تىجارەت قىلىپ كۈن كەچۈرگەن، ئەمدىلىكتە قېرىپ ئىككى پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان، ياشلىقىدا ۋاي سازچى دوستۇم دەيدىغان ئۇلپەتداشلىرىنىڭ ئالقىشلىرىدىن چۈشۈپ قالغان بىر گۇناھكار سازچى ئاخىرقى ئۆمرىدە بارار ـ كېلەر يەر تاپالماي ناھايەت بىر مازارلىقتا بېرىپ، زۇلمەت بىر كېچىدە قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ چىن قەلبى بىلەن پەرۋەردىگارىغا سەممىي تەۋبە قىلىدۇ ۋە ئىچ ـ ئىچىدىن يىغلاپ پەرۋەردىگارىغا يالۋۇرۇشقا باشلايدۇ: «ئى شەپقەتلىك مېھرىبان پەرۋەردىگارىم! مەن بىر ئاجىز بەندەڭ يىللاردىن بېرى سېنىڭ نېمەتلىرىڭ بىلەن

ئەمدى سۆزنى ئىسلامنىڭ ئادالەت تەمسىلچىسى ھەزرىتى ئۆمەردىن ئاڭلايلى:

ـ بىر كېچىسى كۆزۈمگە پەقەت ئۇيقۇ كەلمىدى، ـ دەيدۇ ھەزرىتى ئۆمەر ـ ناھايەت بىر چاغدا كۆزۈم ئەمدى ئۇيقۇغا ئىلىنىشكەن چېغى قۇلىقىمغا بىر ئاۋاز كىرگەندەك قىلدى، ــ ئى ئۆمەر ئورنۇڭدىن تۇر، مازارلىقتا مەن ياخشى كۆرىدىغان بىر بەندەم بار، ئۇنىڭغا مېنىڭ سالامىمنى يەتكۈز، مەن ئۇنىڭدىن رازى، ئۇنىڭغا يېمەك ـ ئىچمەك ئاپىرىپ بەر.

ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مازارلىققا بارىدۇ ۋە سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ:

ــ مازارلىققا بارغان چېغىمدا سازچى بوۋايدىن باشقا بىرسىنى ئۇچراتمىدىم، ئەمما مەن ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بەندىسىنى ئىزدەيتتىم، ئۇ يەر بۇ يەرنى ئىزدەپ

ئۆزىنىڭ كۆز يېشى بىلەن جانابى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشىغا مۇيەسسەر بولغانلىقىدىن قىلچە خەۋەرسىز بۇ سازچى بوۋاي بىر چاغ بولغاندا كۆزىنى ئېچىپ قارىسا بېشىدا ھەزرىتى ئۆمەر تۇرغۇدەك، بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھېس قىلغان بوۋاي كۆزلىرى ياش يوقى مۇنۇلارنى دەيدۇ:

ـ ئى ئۆمەر ماڭا يول كۆرسەتكىلى كەلدىڭمۇ ياكى مەندەك بىر گۇناھكارنىڭ جازاسىنى بەرگىلىمۇ؟

ـ ساڭا خوش بېشارەت بىلەن كەلدىم، ساڭا ئاللاھنىڭ سالامى بار، «مەن ئۇ بەندەمدىن رازى، ئۇنىڭغا يېمەك ـ ئىچمەك يەتكۈزۈپ بەر» دېدى، دەپ سازچى بوۋاينى خاتىرجەم قىلىدۇ. ـ ھەزرىتى ئۆمەر.

ھەزرىتى ئۆمەردەك بىر زاتنى بىر سازچى بوۋايغا خىزمەتچى قىلغان نېمە؟ ھاياتى ئۆمۈر بويى ساز چېلىش بىلەن ئۆتكەن بۇ بوۋاينى جانابى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشتۈرگەنچۇ؟ بۇلارنى ئويلاپ كۆر! پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قەلبىدىكى ئىمان ئۇچقۇنلىرىدىن يالقۇنلانغان ئاۋاز؛ ئىخلاسمەن بىر باندىنىڭ ئەلەملىك پەريادى؛ كۆردۈڭمۇ؟ مانا بۇ مەنزىرە، ھەرقانداق ماددىي غەرەزدىن تامامەن ساپ بىر قەلب بىلەن قىلىنغان ھەرقانداق ئىش ـ ئەمەل ۋە سەمىمىي تەۋبە ئىنسانىنىڭ قەلبىنى داغ ۋە ئەلەملەردىن پاكىزىلايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەمدۇ؟ سەنمۇ ئەنە ئاشۇ

## دىققەت...! ئىخلاس شەرت

بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدە ۋە قىلغان تەۋبىسىدە قەتئىي تۇرۇپ، مانا تۆۋەندىكى شۇ ئۈچ نەرسىدىن ئۆزىنى ساقلىشى لازىم. غايىسىنىڭ زەررە قەدەر ۋەزنى يوق شۇنداق ئىنسانلار باركى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. دىنى ئاساسلارنى ئېكىسپىلاتاسىيە قىلىدۇ. بۇ يولنى ئاللاھقا ئۇلاشتۇرىدىغان يول تۇتماي، ئۆزىنىڭ شەخسى غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ۋاستە قىلىۋالىدۇ. مانا بۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىرەر ئىش ـ ئەمىلىدە پايدىغا ئېرىشەلمەيلا قالماي، يەنە ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئەمما ئۇلار: «قىلىۋالغانلىقىمىز پايدا» دەيدۇ. خۇش، قېنى، بۇنداقلار پەرۋەردىگارىنىڭ مۇنۇ پەرمانىغا نىمە دەيدۇ؟

«يامان ئىش قىلغانلار بىزدىن (يەنى ئازابىمىزدىن) قېچىپ قۇتۇلالايمىز دەپ ئويلامدۇ. ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نىمە دىگەن يامان.» (سۇرە ئەنكەبۇت 4 ـ ئايەت)

شۇنداق، ئۇلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، يەرگە نىمە تېرىساڭ شۇ ئۈنىدۇ، ئۇلارمۇ جازاسىنى ئالىدۇ. ئى پەرۋەردىگارىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن پىكىر يۈرگۈزىدىغان كىشىلەردىن قىلغىن.

ئىككىنچى غايە: مۇسۇلمانلارنىڭ غايىسى شۆھرەت قازىنىش ئەمەس. كۆرۈنۈشى سەمىمىي ئەمما تۈرلۈك نەيرەڭ قىلمىشلار بىلەن جەمئىيەتنى ئالداۋاتقانلار مەھشەردە ئاچچىق ئىڭرايدۇ. بىر ئادەم قايسى پىستانلىق تۆمۈر تاۋاقنىڭ ئەمەلدارى بولسۇن، قايسى شەھەرنىڭ ئەلماخۇنۇمى بولسۇن شۆھرەت قوغلايدىكەن، ئۇنداق ئادەمدىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ. ئۇنداق ئادەملەر ئۆز ئەتراپىنى يورۇتىمەن دەيدىكەن، شامغا ئوخشاش ئۆزىنى ئۆزى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىدۇ. دىققەت! نىقاپلىق رەڭۋازلار:

«(ئى مۇھەممەد!) كىشىلەر ئارىسىدا شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى توغرىسىدىكى سۆزى سېنى قىزىقتۇرىدۇ (لېكىن يالغانچى مۇناپىقتۇر)، ئۇ دىلىدىكى نەرسىگە (يەنە دىلى باشقا، تىلى باشقا ئەمەسلىكىگە) ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىدۇ.» (سۈرە بەقەر 204 ـ ئايەت)

شۇنداق مۇسۇلمان! دۈشمەنلىكى ئاشكارا كىشىلەردىن ئارتۇقچە قورقۇش بىھاجەت. دوستلۇق كىيىمى ئاستىدا قېنىمىزنى، ئىمانىمىزنى شوراۋاتقان، شۆھرەت ئاشىقلىرىدىن ساقلىنىش كېرەك. پەرۋەردىگارىم بىزنى ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىغىن.

ئۈچىنچى غايە: ئەگەر نەپس ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايدىغان، نەپس خالىغان زامان ئەڭ قورقۇنچلۇق جىنايەتلەرنى قىلىش بىلەن لەززەت ئالىدىغان، شەھۋەت مەستانىلىرى...! ئىنسانلىق باغچىسىنىڭ زەھەرلىك قۇرتلىرى، شەھۋەت پۈتىنى سۇندۇرالمىغان، نەپس ئارزۇسىدىن قۇتۇلالمىغان بەتبەختلەر ئۆزلىرىنىڭ ئورنى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر دائىم ھەسرەتتە قالىدۇ. بىزنى ئاللاھ بۇ دۇنيالىق ھاياتىمىزدا ئىمتىھان قىلىدۇ. مانا شۇ سوئال:

«بىز سىلەرنى بىر ئاز قورقۇنچ بىلەن، بىر ئاز ئاچلىق بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم ئىمتىھان قىلىمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.» (سۈرە بەقەرە 155 ـ ئايەت) بۇ ھالىمىز بىلەن ئۇ بۇيۈك ئىمتىھاندىن يۈزدە يۈز ئۆتۈش ئىمكانىيىتى بارمۇ؟ بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتمەي ئامال يوق. قورقۇش، ئاچلىق بىر ئىمتىھان سوئالى، ئۇنداقتا ئاللاھتىن ئۈزاقلىشىپ، زالىملارنىڭ قامچىسى بولما! ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلغىن، ھەقسىزلىققا ھەرگىز رازى بولما، زالىملارنى ئالقىشلىما، زۇلۇمغا تىز پۈكمە، ئۆلۈمگە دۇچار بولساڭمۇ ھەقىقەتتە تۇر، خورلۇقتا ياشاشقا رازى بولغۇچە، ئىززىتىڭ بىلەن قۇربان بول. پەيغەمبەر يولىدىن يانما، ئاللاھقا يۈزلەن...!

پەقەت ئېغىزىدا ئىشەنگەنلەرگە ئوخشاش بولما...!

«كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلار ئاللاھنى ۋە مۆمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ.» (سۈرە بەقەرە 8 ـ 9 ـ ئايەت)

سەن بۇ ئايەتنى كەرىمە سۈپەتلەپ كۆرسەتكەن بەتبەختلەرنىڭ ئىچىگە قانداقمۇ كىرىسەن، قانداقمۇ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىسەن، سەن تەۋرەنمەس ئىمانغا ئىگە قورقماس بىر مۆمىنسەن. پەقەت بۇلا ئەمەس، يەنە ئاچلىق ئىمتىھانىدىن نەتىجىگە ئېرىشمەي بولمايدۇ، ئېھتىياجلىق كۈنلەردە تاماگەرلىكتە "«مەن پېقىر» دەپ ھەسرەت چەكمە، پاراغەتلىك كۈنلەردە بېخىللىق قىلىپ «مەن باي» دەپ ئىسراپقا كىرمە، ئىمتىھاننىڭ جاۋابىنى ھازىرلا، بۇ دۇنيادا ئىزدەنگەن ئادەم

ئادەم نەسلى ھەدسىز نېمەلەر ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ شۇنداق زامانى بولۇدۇكى، زەھەر بىلەن زەھەر تارقاتقۇچى ماددىنى، ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىمايدۇ، كۆزىنى قارا تۇپراقتىن باشقا ھېچ بىر نەس تويغۇزالمايدۇ، ئاچ قالغان كۆنلەردە كۆز يېشى قىلىپ، پەرۋەردىگارىغا يالۋۇرىدۇ. بىر ئاز پۇل تېپىپ باي بولغان ھامان، ئىسيان قىلىپ ئىسراپىلىقنى باشلايدۇ.

«ئىنسانغا (تۈرلۈك نېمەتلەرنى) بەرسەك (پەرۋەردىگارىنىڭ ئىبادىتىدىن) يۈز ئۆرىيدۇ، (چوڭچىلىق قىلىپ) پەرۋەردىگارىدىن يىراقلىشىدۇ، ئۇنىڭغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) مەيۇسلىنىپ كېتىدۇ.» (سۈرە ئىسرا 83 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتنى كەرىمنىڭ بەرگەن دەرسى سىنىڭ كۆزۈڭنى ئاچسۇن. كۈنىمىزدە شۇنداق ئىنسانلار باركى، بىر زامانلاردا بىر نانغا موھتاج ئىدى، ئەمدىلىكتە بىر ئاز مال ـ دۇنياغا ئېرىشىپ مەيخانىلاردىن، ھاۋايى ـ ھەۋەس يوللىرىدىن ئايرىلمايدىغان، جەمە يوللىرىغا يېقىن يولىمايدىغان بولدى. مال ـ دۇنياسى ئاللاھنىڭ ئامانىتى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئۆمۈر سۈرۈپ كېلىۋاتقان قەلبى ئۆلۈك ئادەملەرنى كۆرىسەن. بۇنىڭدىنمۇ روشەن كۆرۈشنى خالىساڭ مۇنۇ مەنزىرىگە قاراپ ئىبرەت ئال:

ئۈچ كەمبەغەل ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ بىر نەچچە دانە نۆكچە ئالتۇنغا يولۇقۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆڭۈللىرىدە «باي بولدۇق» دەپ ئالدى بىلەن قورساقنى تويغۇزۇپ ئاندىن ئالتۇنلارنى ئۆلىشىش مەقسىتىدە ئارىسىدىن بىرىنى بازاردىن

قالغان ئىككىسى ھەمراھىنى بازارغا يولغا سالغاندىن كېيىن: بىز ئالتۇننى ئۈچكە ئەمەس ئىككىگە بۆلەيلى، ئۇ كەلگەندە سەن نەلەردە يۈردۈڭ دەپ مېڭىسىگە تاش بىلەن بىرنى ئۇرايلى ـ دە ئاخىرەتكە يول ئالسۇن...

مۇسۇلمان پۈتۈن دىققىتىڭ بىلەن قۇلاق سال...! تائاملارنى زەھەرلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇنى ئىككى ھەمراھى سەن نەلەردە يۈردۈڭ دەپ بىر تاش بىلەن ئاخىرەتكە يولغا سالدى، ئۇ نىيىتى يامانلىق قىلىپ قورالنى تەڭلەپ بولغۇچە ئەجەل ئوقى يەپ توگىدى. ئۇنداقتا قالغان ئىككىسى ساق قالدىمۇ؟ ياق ئۇلارمۇ جازاسىنى كۆردى: «بىز ئەمدى باي بولدۇق، ئالدى بىلەن قورساقنى ئەپلەيلى، ئاندىن ئالتۇنلارنى بۆلۈشۈپ يولىمىزغا راۋان بولايلى» دەپ ئىشتىھا بىلەن غىزالاندى ۋە ئاخىرەتكە راۋان بولدى. دېمەك، ھەممىسى ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشتى. شۇنداق قىلىپ ئالتۇنلار ئۆز پېتى جايىدا قالدى.

قېرىندىشىم، بۇ مەنزىرىنى يەنىمۇ روشەنلەشتۈرىدىغان بولساق، بۇ ئالتۇنلار بۇ دۇنيا، ئۈچ يولۇچى، بىز ئىنسانلار، زەھەرلەنگەن تائام، ھارامماللار ۋە ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردۇر، مانا كۆرگىنىمىزدەك «ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى باشقا قېرىنداشلىرى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگەن كىشى كامىل مۆمىن بولالمايدۇ» دېگەن ئىسلام پرىنسىپىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلمىغان ھەرقانداق بىر جەمئىيەت بولسۇن شەخسلەر بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئاقىۋىتى زىيانكارلىقتا. بىر مېتىر

ئى مۇسۇلمان! پەخەس بول، دۇنيا سېنى ئالداپ كەتمىسۇن:

«تاكى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغىنىڭلارغا (يەنى قەبرىلەرگە كۆمۈلگىنىڭلارغا) قەدەر (پۇل ـ مال، بالا ـ چاقىلار بىلەن) پەخىرلەنمەك سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردۇ.» (سۈرە تەكاسۇر 1 ـ 2 ـ ئايەت) قەبرىگە بارغاندا ئاندىن ھەممە ئادەم ھوشۇنى تاپىدۇ، ھەسرەت چېكىدۇ، ئەمما پايدا بەرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر سۆزىدە مۇنداق دېگەن:«مېيىت ئۆلگەندە پەرىشتىلەر (ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئاخىرەتكە) نېمە ئەۋەتىپتۇ دېسە، ئىنسانلار (بالا ـ چاقىسىغا) نېمە قالدۇرۇپتۇ دەيدۇ .» بۇ مۇبارەك ھەدىس شەرىپىنىڭ تېگىگە چۆك، ۋىجدانىڭنىڭ چاقىرىقىغا، دىنىڭنىڭ ئەمرىگە قۇلاق سال، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ خاتىرىڭغا كەلگەن ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭنى ئوقۇ: يىللارچە بىر ياستۇقتا باش قويغان قەدىناس ھايات يولدىشىڭ سېنى قەبرىگە ئىشىك ئالدىدىن ئۇزىتىپ قويۇپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنۇتتى، ئۆمرۈڭ بويى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئاران تۇتقان ئۆيۈڭگە باشقىلارنى «كىرمە» دېيەلمىدى. ئۇنداقتا ئۇنىڭمۇ دوستلۇقى ساختا ئىكەنلىكى بىلىندى. بالىلىرىم دەپ چەككەت زەخمەتلىرىڭ، جاپا ـ مۇشەققەتلىرىڭ بىردەمدىلا ئۇنۇتۇلدى. قەبرەڭ ئۈستىگە سېپىلگەن سۇ قۇرار ـ قۇرىماي تۇرۇپ پۇل ـ ماللىرىڭنى دەپ بىر ـ بىرى بىلەن نىزا ۋە تالاش ـ تارتىشقا كىردى. بىر تاۋۇكادا قىمار ئوينىغان، بىر سورۇندا تانسا ئويناپ كۆڭۈل ئاچقان قەدىناسلىرىڭ ئۇنۇتتى.

مۇسۇلمان ھايات يولى ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن بىر ئىبرەت ئەينىكى ۋە ھېكمەت خەزىنىسىدۇر. ئەبەدىيلىك ھايات يولدىشىڭنى بۇ ھاياتى دۇنيادا دىققەت بىلەن تاللىغىن! ھەقىقىي بولمىغان ساختا دوستلۇققا يېقىنلاشما! مەنپەئەت ئاستىدا سۇرۇلگەن مەنسەپ، گۇناھ كېمىسىدىكى كاپىتانلىق سېنى ئالداپ كەتمىسۇن، مەدەنى دۇنيانىڭ مەدەنى ئىنسانى بولۇش ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر قۇربانى بولۇش بىرىنچى غايەڭ ۋە ھەقىقىي ئارزۇيۇڭ بولسۇن.

## بەختىيار ئىنسان

ئىنسان جانابى ئاللاھ ئاتا قىلغان ئۆمۈر دائىرىسى ئىچىدە ياشايدۇ. ئەمما ھەممە ئادەم ئوخشاشلا بەختىيار بولالمايدۇ، قولىدا تۆمۈر تاۋاق، قوڭىدا پىستانلىق ئورۇندۇق بولغاندىمۇ يەنە بەختىيار بولالىشى ناتايىن، بېقىنشلىرى مەغرۇر، يۈرۈشلىرى سالاپەتلىك نۇرغۇن ئادەملەر بار، ئولتۇرۇشقا ھەشەمەتلىك ئۆي -

«زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلغان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلغان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر .» (سۈرە ئەسر)

بۈنىڭدىن كۆرمىڭلارچە بەتبەخت ئادەملەرنىڭ زىيانكارلىقتا ۋە قىلمىشلىرىنىڭ مەيداندا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولدى. ئىمانى يوق، زۇلمەت زىندانىدا قالغان ئادەملەر ـ ھەر قانچە كاتتا بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ـ بەختىيار بولالامدۇ؟ بۇلارنىڭ قۇتۇلۇش يولى ـــ قەلبىگە ئىمان قۇياشىنى تىكلەشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنى يەقەت تىكلەپ قويۇش يېتەرلىك ئەمەس؛ ئىمان بار ئەمەل بولمىسا، يەنە زىيانكارلىقتا، يەنە گومراھلىقتا، نېمىشقا دېگەندە؟ ئىمان قۇياشىنى توسۇشنى تەلەپ قىلىدىغان نەپس ۋە شەيتان ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋېلىپ ناماز ئوقۇمايدىغان، زاكات بەرمەيدىغان، روزا تۇتمايدىغان، ياخشى ئىش ـ ئەمەل خوش ياقمايدىغان ناكەسلەردىن قىلىپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دىققەت قىلىڭلار، جەسەتنىڭ ئىچىدە بىر گۆش پارچىسى بار، ئۇ ياخشىلانغان زامان پۈتۈن

«مېنى (تائەت ـ ئىبادەتلەر بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاپ بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، نا شۈكۈرلۈك قىلماڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللەدۇر.» (سۈرە بەقەر 9 ـ 10 ـ ئايەت)

بەختىيار بولۇشنىڭ ئىككىنچى ئاساسى: ئىبادەتكە باغلىنىشتۇر. ئىنسان ئىبادەت قىلالمىغان چاغلىرىدا ئۆزىدە بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ. بۇ بىر ھەقىقەت. بىر مۆتىۋەر كىشىنىڭ ئالدىدا، ياكى جامائەتنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭ نېمىشقا قىزىرىپ كېتىدۇ؟ گۇناھكار بولغانلىقىڭدىن، ۋەزىپەڭدىن باش تارتقانلىقىڭدىن، قاراۋۇللۇقتىن قاچقان ياكى دۈشمەنگە قورال تاپشۇرۇپ بەرگەن ئەسكەرنىڭ ھالى قانداق ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، ئىمانىنىڭ ئىجابىي بولغان ناماز قاراۋۇللۇقىنى ئادا قىلمىغان ياكى بىرەر مەنپەئەتنى كۆزلەپ، ئىمان قورالى بولغان نامازنى تاشلىغانلارنىڭمۇ ھالى ئەينەن شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدىكى «ناماز ئوقۇۋاتقان بەندىنى توسقان ئادەمنىڭ (ھالىنى) ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟!» دېگەن ئايىتى كەرىمىنى كۆردۈڭمۇ؟ دەپ تەھدىت قىلماقتا، ۋەزىپە تۇيغۇسىنى ئاگاھلاتماقتا. بىر ئائىلە ناماز ئوقۇپ، ئىبادەت قىلىش ئىشتىياقى بىلەن كۆيىدىغان بولسا، ئۇنداق ئائىلە ئىچىدە نۇر چاقنايدۇ. پېشانىسىنى سەجدىگە قويمىغانلار داۋاملىق يىغلايدۇ. بۇگۈنىنىڭ تەلەيسىز ئەۋلادلىرى بۇ دەۋرنىڭ ئازابى

بۇلارنى قىلىپ قويۇش بىلەنلا يەنە بەختىيار بولالمايدۇ. يوقىرىقىلار بىلەن بىرگە ھەم ھەققە تەۋسىيە قىلىدىغان، سەۋرگە تەۋسىيە قىلىدىغان، ئەھلى ـ ئەۋلادىنىڭ، ۋەتەن ۋە مىللىتىنىڭ سالامىتى ئۈچۈن غەيرەت كۆرسىتىدىغان، كۈچ چىقىرىپ، مال چىقىرىپ نۆۋىتى كەلگەندە جان چىقىرىپ كۈرەش قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇشى شەرت. ساپ قەلبى كەلگۈسىنى كۆرگەن، ئاللاھنى ياخشى تونىغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولۇشقا مۇناسىپ ئىتائەتمەن ئەۋلاد، نومۇسچان قىز، ھايالىق ئايال، پەزىلەتلىك ئەر، ئۆز ئارا بىر ـ بىرىدىن خاتىرجەم كىشىلەر، ئەۋلادىغان نومۇس ئۆگەتكەن ئانا، بالىلىرىغا قۇرئان ۋە ياخشىلىققا يېتەكلىگەن دادا، ئانىسىنىڭ دۇئاسىغا ھەمنەپەس بولغان قىز، دادىسى بىلەن جەمەگە چىققان يىگىتلەردىن ئىبارەت بىر تۇركۈم ئىسلام ئاۋانگارتلىرى جەمئىيىتىمىزدە يوق ئەمەس، بەلكى كۈنسېرى ھەسسىلەپ ئاشماقتا! بۇ كۆز يۇمۇلىدىغان ھەقىقەت ئەمەس.

شۇنداق مۇسۇلمان! بۇ ھۇزۇرنى ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنى تېتىمىغان سېزەلەمدۇ؟

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر (قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار، ئاڭلىماي تۇرۇپ ئاڭلىدۇق دېگەن كىشىلەرنى (يەنى كاپىر ۋە مۇناپىقلارنى) دورىماڭلار. شۈبھىسىزكى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى (ھەقنى ئاڭلىماي) گاس بولىۋالغان، (ھەقنى سۆزلىمەي) گاچا بولىۋالغان، (ياخشى ـ ياماننى پەرق ئەتمەي)

## مەدەنى ئادەم كىم؟

بۇ سوئالغا ئاددىي قىلىپ جاۋاب بېرىدىغان بولساق، مەدەنى ئادەم باتىل ئەقىدە، قۇرۇق نەزەرىيە، ئاساسسىز پىكىر ئېقىملىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ شاباشلىغان كىشى ئەمەس، بەلكى ھەق دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنى تونۇغان كىشىدۇر.

مەدەنى ئادەم ھەدددىن ئېشىپ پۈتۈن ئىنسانىيەت بىر يەرگە كېلىپ بىر ئايىتىنى كەلتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان مۇقەددەس كىتاب قۇرئان كەرىمگە لاپ ئېتىپ يان قارىغان كىشى ئەمەس، ھەقىقەتكە بوي ئېگىپ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا قۇرئانغا ئەگىشىپ، ئۇنى چۈشىنىپ، ھۆكمىگە ئەمەل قىلغان كىشىدۇر.

مەدەنى ئادەم، مىللىي بىرلىكىدىن، مۇقەددەس ئەقىدىسىدىن ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ئەنئەنىلىرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ ئۆزىنى ئۆزى ئىنكار قىلغان كىشى ئەمەس، ۋەتەنىنىڭ تەقدىرى، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلگەن، قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي، پايدىلىق ھەم پايدىسىز تەرەپلەرنى

مەدەنى ئادەم، ئاللاھ دېيىشنى زىللەت سانىغان، بازاردا ئاياللىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ يۈرگەن، تانسىخانىلاردا ئۆزى باشقا ئاياللار بىلەن تانسا ئوينىغان، ئايالىنى باشقىلار بىلەن تانسا ئويناشقا قويۇپ بەرگەن كىشى ئەمەس. مۇسۇلمانلارچە ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە ھەرىكەت مىزانى بويىچە ئاللاھتىن قورقۇپ ھارامدىن نومۇسىنى ساقلىغان ئىخلاسمەن، تەقۋادار، سەۋرچان، سەمىمىي پاك، كەمتەر كىشىدۇر.

مەدەنى ئادەم، زالىمنىڭ چوماقچىسى، نامەرتنىڭ يالاقچىسى بولغان كىشى ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇپ ھەقىقەتتە تۇرغان، ھەقسىزلىققا باش ئەگمىگەن، خورلۇقتا ياشاشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدىغان ئىرادىلىك ئالىي جاناپ، باتۇر، بەختسىزلىك ئىچىدىن بەخت ئىزدەيدىغان كۈرەشچان كىشىدۇر.

قىسقىسى، مەدەنى ئادەم، پۈتۈن مەدەنى خىسلەتلەر بىلەن پۈركەنگەن، ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىنىڭ دۇنياغا كېلىش غايىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن، دۇنياغا دۇنيا نەزىرى بىلەن ئاخىرەتكە ئاخىرەت نەزىرى بىلەن توغرا باھا بەرگەن، ۋەتىنىنىڭ، مىللىتىنىڭ خاتىرجەملىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىدىغان كىشىدۇر. ئەكسىنى دەۋا قىلىش مەدەنىيەتنىڭ ئەسلىنى چۈشەنمەسلىك ھەقىقىتىنى ئىدراك قىلىپ يېتەلمەسلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئىنسانىيەت ئۈچۈن قۇتۇلۇش قانۇنى...!

«مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.» (سۈرە ھۇجرات 10 ـ ئايەت)

ۋەتىنى بىر، مىللىتى بىر، دىنى بىر، دەۋايى بىر، غايىسى بىر، بىر، بىر... بىر قانچىلىغان بىرلىكلەر بىلەن باغلىنىپ كەتكەن بىر خەلق ئېڭىدا قېرىنداشلىق تۇيغۇسىنىڭ نامايەندىسى بولغان «مەرھەمەت» چۈشەنچىسىنىڭ شەكىللەنمەسلىكىگە ھېچقانداق بانا ـ سەۋەب يوق. يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاشقا، پېقىر ـ مىسكىنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا، جەمئىيەتتە ئۆز ئارا ھەمكارلىق، ھۆرمەت ۋە مەرھەمەت ھېسسىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان بىردىن بىر ئامىل «مەرھەمەت» تۇيغۇسىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىچىكلىرىمىزگە مەرھەمت، چوڭلىرىمىزغا ھۆرمەت (يەنى ئىتائەت) قىلمىغانلار بىزدىن ئەمەس.»

قانداق ھالغا چۈشۈپ قالدۇق؟ ئويلاپ كۆرەيلى! مەرھەمەتكە بۆيرۈيدىغان بىر دىنغا مەنسۇپ خەلق ئىچىدىمۇ شۇنداق ئادەملەر باركى، بىر مەھەللىدە، ھەتتا بىر بىنادا تۇرۇپ غېرىپ ـ مىسكىن، ئاجىز بىمارلاردىن ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەنلەردىن خەۋىرى يوق...! تېخى ئۇلارنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ياردەم قولىنى سۇنۇش ئۇياقتا

جانابى ئاللاھنىڭ: «شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقۇتىدۇ، يامان ئىشلارغا (بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ.» (سۈرە بەقەرە 168 ـ ئايەت) دېگەن پەرمانى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاۋاتسا، مەلئۇن شەيتاننىڭ سۆزىدىن چىقمايدۇ، مۇقەددەس قۇرئان كەرىمدە:

«ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ خەزىنىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسا، چىقىمدىن (يەنى تۈگەپ كېتىشىدىن) قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار، ئىنسان بېخىل

ئەينى چاغدا پېقىرلىقتىن بىر نانغا زار بولغان، مىسكىنلىكتىن كونا كەپىدىن يەر ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر پەرۋەردىگارىغا يىلىنىپ دۇئا قىلىپ، «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ـ مال مۈلۈك ئاتا قىلغىن، كىشىلەرگە موھتاج قىلمىغىن، ئەگەر قولۇمغا مال ـ دۇنيا كىرىپ باي بولسام، سېنىڭ مەندەك ئاجىز بەندىلىرىڭگە يار يۆلەكتە بولىمەن، غېرىپ، مىسكىنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن» دەپ كۆز يېشى قىلىدۇ. ئاللاھ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ باي بولۇپ، راھەتكە چىققان ھامان ئۆتمۈشىنى ئۇنۇتىدۇ ـ دە، ۋەدىسىگە خىلاپ ھالدا، يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز ـ يوقسۇللاردىن يۈز ئۆرىدۇ، بىرەر قىلغۇدەك ئىش تاپالماي كېلىپ ئىش تەلەپ قىلغان چارىسىز بىچارىلەرنى يېنىدىن قوغلاپ «سەندەكلەر بىرەر ئىشنى جايىدا قىلايدىغان بولساڭ بۇ كۈنگە قالغان بولاتتىڭمۇ» دەپ ھاقارەت قىلىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ كەچۈرگەن كۈنلىرىنى ئەسلەپمۇ قويمايدۇ. بۇنداقلار شۇنى مۇقەررەر بىلىشلىرى كېرەككى بۇ دۇنيا ئۆلارغىمۇ ۋاپا قىلمايدۇ.

نۇرغۇن بايلار بار كۆڭلى تارتقان تائام بىلەن غىزالىنالمايدۇ، غىزالىنىدىغان بولسا جېنىغا تەھدىت يېتىدۇ، بۇ بىر ئاددىي مىسال، بۇنىڭدىن باشقا ئۆلارنىڭ نۇرغۇن مەنىۋى ھۇزۇرسىزلىقى بار، بۆلارنىڭ ئۇستىگە ئۆلار ئاخىرەتتە زىيانكارلىقتا، گۇمراھلىقتا. قولىنى يومىۋالغانلار، مەرھەمەتسىزلىك قىلغانلار، ھەزرىتى ئەزرائىل بىلەن ئۇچرىشىپ، جېنى ھەلقۇمىغا كەلگەندە ئاندىن قولىنى ئاچىدۇ، يالۋۇرىدۇ، ئەمما بۇ پايدا بەرمەيدۇ. ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، نېمە تىرىسا شۇنى ئالىدۇ.

مۇسۇلمان! يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئادەملەرگە ئوخشاش بولمىغىن، بۇ دۇنيانىڭ ھېچ كىمگە ۋاپا قىلمايدىغانلىقىنى ئويلا، گۈلگە ئوخشاش ئېچىلىپ ناھايەت سۇلشىپ تۆكىلىدىغانلىقىنى ئېسىڭدىن چىقارما، چۈنكى سەن:

«ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئىش ـ ئەمىلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق.» (سۈرە كەھف 7 ـ ئايەت) دېگەن بۇ ئايىتى كەرىمىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىمتىھان ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىڭنى بىلىپ يېتىسەن، قوشنىسى يوقسۇزلۇقتىن ئاچلىقتىن زارلىنىۋاتسا، پېتىر مانتا يەپ قورساق سېلىپ يېتىشنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ قايغۇسى بىلەن ھەم قايغۇ بولماسلىقنىڭ مۇسۇلمان ئەخلاقىدىن ئەمەسلىكىنى بىلىسەن. كەل مەرھەمەت شەربىتىنى ئىچكىن ۋە ئىچۈرگىن.

دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ باشقىلارغا ھال ئېيتالمايدىغان نۇرغۇن غېرىپ ـ مىسكىن ئاجىزلار بار، ئۇلارنىڭ دەرد ـ ئەلىمىگە ئورتاق بول، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «رەھىم قىلمىغان كىشىگە رەھىم قىلىنمايدۇ» پەرمانىغا قۇلاق سال.

غېرىپ ـ غۇرەبا، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ قىسىلغان بوينى، سارغايغان يۈزى، ياشقا تولغان كۆزى، پېقىر ـ مىسكىن، ئاجىز ـ يوقسۇللارنىڭ دەرد ـ ئەلەملىك ھالى كۆزۈڭگە چېلىقماي قالمايدىغاندۇ؟

«ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، (تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير ـ ئېھسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالىنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ بىر نەرسە تىلىمىگىنىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان

ئادەم بولماي تۇرۇپ بۈيۈك ھۆزۈرغا كېتىلمەيدۇ...!

ئەينەكتىكى سۈرىتىڭگە ئوخشاش ئۆزەڭنى ئۆزەڭ كۆرمەي تۇرۇپ، ئىچكى ۋە تاشقى قىياپىتىڭدىن خاتىرجەم بولماي تۇرۇپ بۈيۈك ھۆزۈرغا يۈزلۈك ئوچۇق چىقالمايسەن. بىر تۆمۈرچى ھەجگە بارماقچى بولۇپ، ھازىرلىق كۆرىۋاتاتتى. بىر كۈنى بازاردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ مەھەللىسىگە ئاز قالغاندا بىر چوكاننىڭ كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرغانلىقى، بىر قانچە كىشىنىڭ بۇ چوكاننىڭ كۆز يېشىغا پەرۋا قىلماي بىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقى كۆزىگە چېلىقىپ قالدۇ - دە، دەرھال بېرىپ ھېلىقى چوكاندىن ھال - ئەھۋال سورىماقچى بولۇپ:

ــ قىزىم بۇنچىۋالا كۆز يېشى قىلغۇدەك بېشىڭىزغا نېمە دەرد - ئەلەم كەلدى؟

ــ گۆشتىن ماڭا ئازراق بولسىمۇ بېرىڭلار دەپ يالۋۇرۇپ قانچە يىلىنسام بەرمىدى، بۇنىڭدىن نەپسىم ئىزا تارتىپ...

ــ نېمىشقا بەرمىدىڭلار؟

ــ بىرەلمەيمىز تەقسىر!

ــ سىلەردە شەپقەت دەيدىغان نەرسە يوقمۇ؟ بۇ چوكاننىڭ ھەسرەتلىك كۆز يېشى ۋىجدانىڭلارنى ئازاپلىمىدىمۇ؟

ــ تەقسىر سىلە ئۇنداق دېگەن بىلەن بۇ ھارام گۆش تۇرسا!

ــ ھارام گۆش...!

ــ شۇنداق، بىز بىر قانچە كۈندىن بېرى بىر لوقما تائامغا زار بولۇپ كېلىۋاتقان ئىدۇق، تۈنۈگۈن بۇ قوشنىمىزنىڭ ئېشىكى ئۆلۈپ قالغان ئىكەن، ھاياتىمىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئامالسىز...

بۇنى ئاڭلىغان تۆمۈرچىنىڭ پېشانىسىدىن سوغۇققىنا تەر تەپچۈپ چىقتى ـ دە، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپ كەتتى ۋە قەلبىدىن مۇنۇلارنى كەچۈردى: «ئى تۆمۈرچى كۆزۈڭنى ئاچ، قېرىنداشلىرىڭ ئاچلىقتىن ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن تاپا يەۋاتسا، سەن ھەج قىلىپ ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئېرىشمەن دەۋاتىسەن! ئەقلىڭگە كەل، ھوشۇڭنى بىل، بۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزساڭ ئاللاھ سەندىن قاتمۇ ـ قات رازى بولمامدۇ؟» شۇنداق قىلىپ تۆمۈرچى ئۇ يىلى ھەجگە بارماي ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلىدى. ئاللاھ ھەجگە ئۇنى كېيىنكى يىلى نېسىپ قىلدى.

ئى قېرىنداشلار! ئالدىمىزدا بۈيۈك ھېساب بار. بۇ ھېسابقا لايىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشايلى، شەپقەت ۋە مەرھەمەتنى تاشلىمايلى.

ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ئارىمىزدا ياخشى ئىشلار ئۈچۈن بارلىقىنى ئايىمايدىغان بايلىرىمىز يوق ئەمەس، يۇشۇرۇن، ئاشكارا يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاۋاتىدۇ، موھتاجلارنىڭ قولىدىن يېتىلەۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بۇلغان بولسا سالامەتكە چىقىسىز، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختىيار بولىسىز. جانابى ئاللاھنىڭ:

«سىلەر ماللىرىڭلاردا (سەدىقىگە بۇيرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىش بىلەن) چوقۇم ئىمتىھان قىلىنىسىلەر.» (سۇرە ئال ئىمران 186 - ئايەت) دېگەن پەرمانى بويىچە ئىمتىھاندا مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشكەن ئالىملەرنىڭ رەھمىتى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرەپلىك ئۈممىتى، سىلەر يولۇڭلاردا سابىت ۋە بىقارار تۇرۇپ ساباتلىق كۆرستىڭلار.

قورقماڭلار زەپەر بىزنىڭ ...

مەرھەمەتنىڭ قېرىندىشى ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتتۇر. ئۆزەڭنى قانچىلىك ياخشى كۆرسەڭ، مۇسۇلمان قېرىندىشىڭنىمۇ شۇنچە ياخشى كۆرگىن، ھۆرمەت قىلغىن، ھۆرمەت قىلىنىسەن، ياخشى كۆرگىن ياخشى كۆرۈلىسەن، شەخسى مەنپەئەت ۋە نەپسانى ئارزۇ - تەلەپلىرىنىڭ قۇلى بولغان بىر قىسىم كىشىلەر يا ئېھتىرام قىلىشنى يا ياخشى كۆرۈشنى جايىدا بىجىرەلمەيدۇ. بىر قانچە يىل جاپاسىنى تارتقان، شېرىن ئۇيقۇسىدىن ۋاز كېچىپ باغرىغا بېسىپ «ۋاي قوزام» دەپ ئاسراپ ئاق سۈتى بىلەن ئادەم قاتارىغا قوشقان ئانىلار، «ئوغلۇم، ئوغلۇم» دەپ بارلىقىنى

مۇسۇلمان قېرىندىشىم، سەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىدىن ئايرىلما، ئۇ زاتىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېسىڭدىن چىقارما: «هارامدىن ساقلانغىن، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئابىدى بولىسەن، ئاللاھنىڭ ساڭا تەقسىم قىلغىنىغا رازى بولغىن، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بېيى بولىسەن، قوشناڭغا ياخشىلىق قىلغىن، (كامىل) مۆمىن بولىسەن، ئۆز نەپسىڭگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى باشقىلارغىمۇ ياخشى كۆرگىن، (كامىل) مۇسۇلمان بولىسەن، كۆپ كۈلمىگىن، چۈنكى كۆپ كۈلۈش قەلبنى ئۆلتۈرىدۇ.»

ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە قۇرئانغا مۇھەببەت باغلاش مۇسۇلمانلىقنىڭ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئىنسانلىقنىڭ ئىجابىدۇر. قۇرئان كەرىمدە ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققىدە نازىل بولغان:

«سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق .» (سۈرە ئەنبىيا 107 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتى كەرىمىنى كۆرگەن ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ بۇ رەھمەت خەزىنىسىگە مۇھەببەت باغلىماسلىقى ئەقىلگە سىغمايدۇ.

«ئى پەيغەمبەر! سېنى بىز ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بىشارەتچى، ئەگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق.» (سۈرە ئەھزاب 45 ـ ئايەت) دېگەن پەرمان ئالدىدا ئۇ زاتىنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلماسلىق، ياخشى كۆرمەسلىك بولسا، تۇزكورلۇقتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.

«سىنى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ (بىرلىكىگە، تائەت ئىبادەتلىرىگە) دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراغ قىلىپ ئەۋەتتۇق.» (سۈرە ئەھزاب 46 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنمەسلىك ئەقىلسىزلىقنىڭ نامايەندىسىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.

ھەممىگە قادىر ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە ھۆرمەت ۋە ئىتائەت قىلغان، ياخشى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان بەندىلىرىگە:

«مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئېھسانىغا ئېرىشىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگىن.» (سۈرە ئەھزاب 47 ـ ئايەت) دەپ بۇيرۇيدۇ. كۆزلىرىمىز كۆرسۇن، قۇلاقلىرىمىز ئاڭلىسۇن، بۇ نېمەتنى قەدىرلەيدىغان شەرەپلىك ئىنسانلاردىن بولايلى.

مۇسۇلمان! پەقەت پەيغەمبىرىمىزگە ھۆرمىتىم ۋە مۇھەببىتىم بار دەپ قويۇش بىلەن ئىش ھەل بولمايدۇ، ئۇ ئېلىپ كەلگەن مۇقەددەس ئىلاھى كىتاب ـــ قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدىبىنى ساقلا، ئوقۇ ۋە ئەمەل قىل، ئوقۇلىۋاتقاندا ھۆرمەت بىلەن قۇلاق سالغىن، جانابى ئاللاھنىڭ:

«قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار).» (سۈرە ئەراف 204 ـ ئايەت) دېگەن بۇيرۇقىنى ئونۇتما. بەزى ئادەملەر بار قۇرئان ئوقۇلغاندا ھەم كۆزى ھەم قەلبى يىغلايدۇ، بەزىلەر بار ئاۋازى چىرايلىق قارىلارنى تىڭشايدۇ ۋە «ئاتا ـ ئاناڭغا رەھمەت قارى! ئاللاھ ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قەبرىسىنى نۇرلاندۇرسۇن» دەپ قاراخۇنۇمنىڭ ئاۋازىنى باھالايدۇ، ئەمما قۇرئاننىڭ ھېكمىتىنى تەپەككۇر قىلمايدۇ، مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر قۇرئان ئوقۇلىۋاتسا

«ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، ئاللاھ سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا  قىلدى.» (سۈرە ئەنفال 78 ـ ئايەت)

دۇنياغا، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە ئالاقىدار شېئىر ۋە غەزەللەرنى چۈشىنىشكە ئىرىشىدىغان بۇ ئىنسان نېمە ئۈچۈن پۈتۈن كائىناتنى ئاڭلىتىدىغان قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت بۇ ھايات كىتابىغا قۇلاق سېلىپ ھۆرمەت بىلەن تىڭشىمايدۇ. بىلىپ ـ بىلمەي بۇ قۇرئان كەرىمنى يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلغانلارنىڭ ۋە قىلىۋاتقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى تارىخ ۋە ئەمەلىي پاكىت بىلەن ئىسپاتلانغان تۇرۇقلۇق، يەنە قۇرئان كەرىمدىن قېچىش ۋە ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ جانابى ئاللاھ:

«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز .» (سۈرە ھىجر 9 ـ ئايەت) دەيدۇ.

مۇسۇلمان! قۇرئاننى ئوقۇغىن ۋە ئۇنىڭ ئەدىبىنى ساقلىغىن، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەقىقەت قۇياشلىرى بار، ئۇنىڭدىن ئېنېرگىيە ھاسىل قىلغىن، نۇر دېڭىزى بار، نۇرلانغىن، ھايا پەردىسى بار، ھايالىق بولغىن، ھايات قانۇنى بار، ھاياتىڭغا مىزان قىلغىن. قۇرئانغا ھۆرمىتى بار ئادەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا، بىر تۇغقان قېرىندىشىغا ھۆرمىتى بولىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئەخلاق كۆرسەتمىسىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان ھەر قانداق ياش ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ رازىلىقىغا

## كۆرگۈلـكـىڭـىزنى كۆرىسـىز!

يازنـىڭ ئـىسـسـىقـىدىن، قـىشـنـىڭ سوغۇقـىدىن ساقلاپ ھەتتا كېچـىلـىرى بـىر نەچچە قېتـىم چۇۋۇىكـىنـى ئالـماشتۇرۇپ، قۇرۇق چۇۋەك قالـمـىغاندا ئۆز باغرىنى چۇۋەك ئورنـىدا قوللانغان، نامـىزىدا بەختـىنـى تـىلـەپ كۆز ياشلـىرى قۇرمـىغان بـىر ئانـىنـىڭ ئېچـىنـىشلـىق ھالى، ئاچ قالسـىمۇ، «ئوغلۇم ئادەم بولسۇن» دەپ تاپقـىنـىنى ئوغلـىغا يېگۈزگەن، قاتـمال كۈنلەرنى بېشـىدىن ئۆتكۈزگەن ئاخـىرىدا ئۆيدىن ھەيدەپ چـىقـىرىلغان دادىنـىڭ ھەسرەتلـىك پەريادى!

بـىر كۈنى بـىر يېزىدىن ئۆتۈپ كېتـىۋېتـىپ يول بويـىدا كۆز يېشى قـىلـىپ ئولتۇرغان بـىر كـىشـىگە كۆزۈم چۈشتى ـ دە، يېنـىغا كېلـىپ:

ــ ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم تاغا! بـىرەر كېلـىشمەسلـىككە ئۇچرىدىڭـىزمۇ نېمە؟ يـىغلـىماڭ، ئۆزىڭـىزنى تۇتـىۋېلـىپ، نېمە ئـىش بولغانلـىقـىنى ماڭا ئېيتـىپ بېرىشكە بولامۇ؟ بەلكى قولۇمـدىن كەلسە ياردىمـىم تېگـىپ قالا...

ئـىككى ئالقـىنـى بـىلەن كۆز يېشـىنـى سۈرتۈشكە باشلـىغان بۇۋاي ھەسرەتلـىك دېمـىنى ئـىچـىگە يۇتۇپ سۆزگە كـىرىشتى:

ـ 80 يىلدىن بېرى دۇنيانىڭ قاتمۇ قات مۇشەققەتلىرىگە چىداپ، بالا ـ چاقىلىرىمنى بېقىپ قاتارغا قوشتۇم، ئەمدىلىكتە قىزىم بىر ۋاپاسىز بولۇپ چىقتى، ئوغلۇمنى ئەسكەرلىكتىن كەلگەندىن كېيىن ئۆيلەپ قويغىنىمغا بىر نەچچە يىل بولۇپ قالدى، ھازىرغىچە كېلىنىمنىڭ قولىدىن بىر پىيالە چاي ئىچكىنىم يوق، تېخى بەزىدە «قېرى! مەن بۇ ئۆيگە سېنىڭ كۆرۈمسىز چىرايىڭنى كۆرۈشكە كەلگەن ئەمەس» دەپ ئازار بەردى. ئوغلۇم ئايالىنىڭ ئەدىبىنى بېرىشنىڭ ئورنىغا: «بۇ خوتۇندا گەپ يوق دادا، ياخشى خوتۇنغا ئۇچراپتىمەن، ئايالىمغا جىق كۆرۈنمەڭ، مېنىڭ بەرگىنىمنى يەڭ، بەرمىگەن كۈنلىرىمدە روزا تۇتسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېدى. بالام، مەن ئادەم ئەمەس ھايۋان بېقىپ چوڭ قىلغان ئىكەنمەن. يېنىمدا بىر تىيىنىنىڭ سۇنۇقىمۇ قالمىغان ئىدى، تۇنۇگۇن ئوغلۇمدىن بىر ئاز پۇل سوراپ بارسام، ئۇ چىرايىمغا قاراپمۇ قويمىدى. تېخى بۇنىڭلىق بىلەن قالماي: «دادا بۇ ئۆيگە قايتا كەلمەڭ، ئايالىم سىزنى كۆرسە خاپا بولۇپ قالىدىكەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىمەن، ئايرىلىپ قالسام يەنە ئۇنىڭدەك خوتۇننى ئىككىنچى تاپالمايمەن، بولمىسا كۆرگىلىكىڭىزنى كۆرىسىز» دەپ ئىشىك ئالدىدىن ھەيدىدى.

بوۋاي بۇلارنى سۆزلەۋاتقىنىدا ساقىلىدىن ئېقىپ چۈشكەن كۆز ياشلىرى كۆڭلىكىنىڭ ئالدى پېشىنى يۆل قىلىۋەتكەن ئىدى.

مۇسۇلمان، بۇلار جاھىل بىلمەيدۇ دېمە! ئۇ ئەسكەرلىكتىن قايتقان بىر زىيالى ئەمەسمىدى؟!

بىر زامانلاردا بېشى ئوچۇق، پۇتى يالاڭ ئاياق بىر بۇردە نانغا موھتاج نۇرغۇن ئادەملەر بار ئىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئوقۇدى، خىزمەتكە چىقتى، ئائىلىلىك

«پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ يېنىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھۇي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەللىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن .»

ئىنسانلىقىڭنى، مۇسۇلمان بولۇپ قۇرئان ئەخلاقى بىلەن بېزەنگەنلىكىڭنى ئاتا ـ ئاناڭغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش بىلەن ئىسپاتلىيالايسەن. ئۇلارغا ياخشىلىق قىلماسلىق، ئىتائىتىدىن باش تارتىپ دەشنەم قىلىش ئەمەس، ھەتتا «ئوھۇي» دەپ قاتتىق تىنالمايسەن. ئاللاھنىڭ

«ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگەندەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن› دېگىن» دېگەن مۇقەددەس ئەمر - پەرمانى ئالدىدا تەسلىم بولۇپ، بوي ئېگىشكە مەجبۇرسەن. چۈنكى سەن ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاق يوللۇق ئۈممىتىسەن. ياخشىلىقتىن مەھرۇم، يۈزى قارا ئۈممەت بولالمايسەن. ياخشى ئويلان...

پالەج دادا ۋە ئوغۇل ...

دادا، ساڭا ئېتىز - ئېرىقلارنى كۆرسەتكەچ ھاۋالاندۇرۇپ كېلەي، - دەپ كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ - بالا دادىسىنى، - ئۇلار مەھەللىدىن ئۇزاقلىشىپ بىر يەرگە كەلگەندە بالا توساتتىن توختاپ دادىسىنى يەرگە چۈشۈرۈپ بىر نەرسە ئىزدىگەندەك ئۇ يەر - بۇ يەرگە قارىغىلى باشلايدۇ. بالىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن دادا:

ــ بالام يەر ئىزدەپ ئارتۇق ئاۋارە بولما، مەن دادامنى ئاۋۇ جېگدىنىڭ تۈۋىگە كۆمگەن ئىدىم، سەنمۇ مېنى چوڭ داداڭنىڭ يېنىغا كۆمگىن...!

دادىسىنىڭ بۇ سۆزىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن بالا، بۇلۇقلاپ يىغلاۋاتقان دادىسىغا:

ــ دادا، سەنمۇ بۇۋامنى تىرىك كۆمگەنمىدىڭ؟!

ــ ھەئە بالام، داداممۇ مەندەك پالەج بولۇپ قالغان ئىدى، ئاخىرى بېقىپ بولۇشتىن زېرىكىپ، ساڭا ئوخشاش ئېلىپ كېلىپ كۆمگەن ئىدىم.

ــ دادا! دادىسىغا ئاسىيلىق قىلغان ئادەم ئەۋلادى تەرەپتىن جازاغا تارتىلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

ــ شۇنداق بالام، يەرگە نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن، ياۋايى ھايۋان بېقىپ چوڭ قىلساڭ، ئاخىرىدا مانا ھازىرقىدەك ئۇنىڭ ئالدىدا بىر توشقان كەبى چارىسىز قالىسەن...!

دادىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەن بالا ئۆزىنىڭمۇ دادىسىغا ئوخشاش بالىلىرى تەرىپىدىن كۆمۈلۈش قورقۇنچىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشىغا قاتتىق ئېچىنىپ ۋە ئەقلىنى تېپىپ: «دادا مېنى كەچۈرگىن، مەنمۇ ئەۋلادلىرىم تەرىپىدىن كۆمۈلۈشنى خالىمايمەن» دەپ دادىسىنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ياخشى قاراپ دۇئاسىنى ئېلىشقا تىرىشتى.

مۇسۇلمان! ئاتا ـ ئانىغا ئاسىيلىق قىلىشنىڭ، ئۇلارنى قاقشىتىپ ئازار بېرىشنىڭ ئىنسانلىق بىلەن ئالاقىسى يوق. ئاتا ـ ئانىنىڭ قىممىتىنى يېتىم ـ يېسىرلاردىن سورىغىن. دۇنياغا كېلىپ بىر قېتىم بولسىمۇ «ئانا» دېيەلمىگەن،

«ئانا باشقا تاج ئىكەن، ھەر دەردكە ئىلاج ئىكەن

گەر ئوغۇل شاھ بولسىمۇ ئانىغا موھتاج ئىكەن» دەپ ئۇلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلگەن، ئۇلارنى سىلكىشلىمە، رازىلىقىنى بۇ دۇنيادا ئالغىن، بولمىسا دۇنيادا خار، ئاخىرەتتە رەزىل بولۇپ، جەھەننەمدە ئىڭرايسەن.

ساڭا بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەمنى كۆرسەڭ، كۆزۈڭگە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ، نېمە دەپ پۈتۈن ھاياتىنى سېنىڭ ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئاتا ـ ئاناڭغا قەلبىڭنىڭ تۆر قاتلىمىدىن ئورۇن بېرەلمەيسەن؟

مۇسۇلمان قېرىندىشىم! سەن ئۆمۈر بويى ئۇلارنىڭ ئايىغىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ خىزمىتىدە بولساڭمۇ يەنە ئۇلارنىڭ بىر تامچە سۈتىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايسەن، «جېنىم بالام» دەپ باغرىغا باسقان ئانىنىڭ، شەپقەت تولغان قەلبى بىلەن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى «ئوغلۇم» دەپ تەقدىم قىلغان دادىنىڭ ئۆز ئەۋلادىدىن كۈتىدىغىنى نېمە؟ ۋاپاسىز، ۋىجدانسىز، ئىمانسىز، قۇرئانسىز، ئەخلاقسىز ئەۋلادنىڭ ئاتا ئانىسى بولۇشمۇ؟ ياكى ئىسمى جىسمىغا لايىق ۋەتەن بالىسى، كەم ئۇچرايدىغان ۋىجدان ئىگىسى، ھۆرلۈك ـ ئازاتلىقنى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى، دىن ۋە قۇرئاننى، ۋەتەن ۋە مىللەتنى كۆيلەيدىغان، ئىسيان ئورنىغا ئىتائەت، ۋەھشىلىك ئورنىغا پەزىلەت، ھارام ئورنىغا ھالال، زۇلۇم ئورنىغا ئادالەت تەرەپتارى ئۆتكۈر پىكىرلىك، ئوت يۈرەك يىگىت بولۇشمۇ؟ ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم، ۋىجدانسىز ئەرلەردىن بولما، غۇرۇرۇڭ بىلەن ياشا، ئايالىڭنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئاتا ـ ئاناڭغا ئاسىيلىق قىلما، ئۇلارنىڭ

## ئادالەت

ئىنسانىيەت باغچىسىدا ئەينى ھەقلەرگە ئىگە كىشىلەر ھەممىسى ئۆزىگە تېگىشلىك ھەققىنى ئېلىشى كېرەك. بىر زالىمنىڭ ھەققى قانچىلىك بولسا، شۇنىڭدەك بىر يېتىمنىڭ ھەققىمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ. «بۇ توغرىدا بىزمۇ بىلىمىز» دېگۈچىلەر بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار ئادالەتنىڭ تەمسىلچىلىرى بولالمايدۇ. چۈنكى قاتمۇ ـ قات ئەدلىيە بىنالىرى، دەرىجىمۇ دەرىجە سوتچى خادىملار ۋە جىلد، جىلد قانۇنلار... رادىكال ياپىلار، خىلمۇ خىل تۈرمىلەر، ئۆمۈچۈك تورىدەك بېزەنگەن ساقچى ئىدارىلىرى... بۇلار ئادالەتمۇ؟ ياق بۇلار ئادالەت ئەمەس، ئادالەت شەكلىنى ئالغان تېشى ھاي ـ ھاي ئىچى زەھەرلىك قۇيۇن بىلەن تولغان خۇمداندىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنداق بولسا ئادالەت دېگەن نېمە؟

ئەسلىدە ئادالەت ئىنسان ئۆزىنىڭ خاراكتېرىدىكى تەبىئىي ھالدا ئاللاھقا ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭ ئىجابىي ئۇچۇن ئىشلەشتىن ئىبارەت قابىلىيىتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، شۇنىڭدەك ئىمانىنىڭ ساداسىغا ئاۋاز قوشۇپ، ھەر ئىشىدا خالىقى ئاللاھ قورقۇنچىسى بىلەن ھەرىكەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مەن دۆلەت خادىملىرىغا ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچى كادىرلارغا چىن قەلبىمدىن باشتا شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن. ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ خاراكتېرىدە تەبىئىي ھالدا

«ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ.» (سۇرە نەھل 90 ـ ئايەت)

ھەر جۈمە كۈنى خۇتبىدە ئوقۇلغان بۇ ئايەتنى كەرىمنى بىر نەچچە قېتىم ئاڭلىغان بولسامۇ تەپەككۇر قىلىپ ھەقىقەتتى ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلمىغان ئىدىم. جەمئىيەتتە ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق بىر ۋەزىپىسى بار. بۇ ۋەزىپىنى جايىدا ئورۇنداش مەسئۇلىيىتى بىلەن ئىش ئېلىپ بارماق مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەمرىدۇر. ئەمما ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا قارايدىغان بولساق بۇنى تەسۋىرلەپ بولۇش تەس! ۋەزىپىمىزنى ئورۇندەۋاتىمىزمۇ، يوق؟ بىز ئۇ بۈيۈك ھېساب ـ سوراق كۈنىدىن خاتىرجەممۇ؟

بىر پادىشاھ قۇش تۇكىدىن ھازىرلانغان تۇشەك ئۈستىدە ياتاتتى، بىر كۈنى ئۇنىڭ ياتىقىنى چۆرىلىرىدىن بىرى يۇغۇشتۇرغىلى كىرىپ ياتاقنىڭ يومشاقلىقى ۋە

ــ ئى لەنىتى خوتۇن! مەن سېنى ئۇرۇۋاتسام، يىغلاپ يالۋۇرۇش يوق نېمىشقا كۈلىسەن؟

ــ سېنىڭ ھالىڭنى ئويلاپ كۈلىۋاتىمەن.

ــ ماڭا نېمە بولۇپتۇ؟

ــ ئى پادىشاھ! مەن بۇ ياتاقتا كۆپ ياتقان بولسام يەتتە ـ سەككىز مىنۇت ياتقان بولۇشۇم مۇمكىن، جازاسىغا بۇ قەدەر قامچا يېدىم. ئەمما سەن يىللاردىن بېرى بۇ ياتاقتا يېتىپ كېلىۋاتىسەن، تەڭلە كۈنى جانابى ئاللاھنىڭ ئالدىدا قانچىلىك قامچا يەيدىغانلىقىڭنى ئويلىدىم ـ دە كۈلدۈم.

ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! مەسىلەن، سەن بىر ئىشككە قارايدىغان ئادەم بولساڭمۇ يەنە ۋەزىپە ئىگىسى ھېسابلىنىسەن. كۆزۈڭنى ئاچ، كۆرلەرنىڭ ئورنى جەننەت ئەمەس، مۇپتى مەقامىنىڭ، خاتىپ مۇنبەرنىڭ، ئىمام مېھراپىنىڭ، يېزا باشلىقى يېزىنىڭ، ھاكىم ناھىيىنىڭ، ۋالىي ۋىلايەتنىڭ، شۇنىڭدەك ھەرقانداق

بىر كادىر شىرە ئالدىدا ئايدا ئالىدىغان مائاشىغا مۇقابىل ئىشلەيدۇ. بىر چاغدا دوستلىرىنىڭ بىرىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالىدۇ. ئۇنىڭغا دەرھال جاۋاب خەت يازماقچى بولۇپ، ئالدىدىكى دۆلەتنىڭ ئىش قەغىزى ۋە قەلىمى بىلەن جاۋاب خەت يېزىشقا باشلايدۇ ـ تىك، تىك، تىك ... قول ئاستىدىكىلەردىن بىرى ئۇنى پوچتىغا سېلىۋېتىش ئۈچۈن ماڭىدۇ، ـ خۇددى ئۇنىڭ مائاشىنى ئۆز يانچۇقىدىن بېرىدىغاندەك.

ئى مۇسۇلمان! بۇ لىپاپىنىڭ، قەغەم ۋە قەلەمنىڭ ئىچىدە ئوتتۇز مىليون خەلقنىڭ ھەققى يوقمۇ؟ بۇ سوئالنى سورىغاندا، «بۇ قەدەر ئىچكىرىلەپ كەتمە، مەن بۇ ئىدارىدە ئىشلەيمەن، بىر ۋاراق قەغەز ئىشلەتكەنگە نېمە بولىدۇ؟» دەيدىغانلارمۇ چىقىشى مۇمكىن؟ شۇنداق ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم! پۈتۈن خىزمەتچى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى ئېلىۋالسا، ئۇنداق كىشىگە جانابى ئاللاھ دوزاخنى ۋاجىپ، جەننەتنى ھارام قىلىدۇ» دېگەن، ساھابىلاردىن بىرى: «ئازغىنا بىر نەرسە بولسىمۇ شۇنداق بولامدۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر تال مىسۋاك ياغىچى بولسىمۇ.»

بۇ ھەدىس شەرىپىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىنىدىغان بولسا، بۇ مىللەتنىڭ ھالى بۇنداق كۆنگە قالمىغان بولاتتى، كونا زامانلاردا قاراقچى ۋە بۇلاڭچىلار تاغ ۋە چۆللەردە ئادەم بولىغان بولسا، كۆنىمىزدە ئۇلار كاستۇم كىيىپ، گالاستۇق تاقاپ شەھەرگە كىردى. خەلقنىڭ قېنىنى ئىچىۋاتىدۇ. ئاللاھنىڭ قانۇنى قەلبلەرگە يەرلەشمىگەنگە قەدەر زۇلۇم دولقۇنلىرى بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ. شۇنى ئېنىق

كۆلنىڭ سۈيى سۈزۈك چاغدا بېلىقلار نېقەدەر راھەتتە... ئەركىن ھەربكەت قىلالايدۇ، ھۇزۇر ئىچىدە. ئەمما كۆلدىكى ئۇ بېلىقلارنىڭ بۇ خۇشاللىق ھاياتى قاچان بوزۇلىدۇ؟ مەسىلەن، بىر ئاندا قارا بوران چىقىدۇ، ئارقىدىن قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ، ھەر تەرەپتىن لاي ئېقىتىپ كېلىپ كۆلنىڭ سۈيىنى دوغاپ ھالىغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ ـ دە، بېلىقلارنىڭ كۆزلىرى ھەتتا ئاش قازنى لاي بىلەن تولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بېلىق ئەلەم ئىچىدە قانات قېقىپ تىپىرلا، تىپىرلا ئاخىرىدا ئۆلىدۇ. ئەيىب كىمدە؟ بېلىقنىڭ كۆزى ۋە ئاش قازنى لاي بىلەن تولغاندىن كېيىن، «ئي بېلىق! ئارقىڭغا يان ئۆلۈم بار...!» دېيىلسە، بېلىق ئارقىسىغا يانارمۇ؟ يانغاندىمۇ بىر ئەھمىيىتى بارمۇ؟ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھ قانۇنىنى ئاڭلىمىغان، ئۇنىڭ ئادالىتىگە سىغىنمىغان، ئۆز ۋاقتىدا زەھەر يۇتىۋالغان بۇ خەلق ئۆزلىرىنىڭ سىقىلغان بۇ روھىنى زەھەردىن تازىلىماق ئۈچۈن، قىمار سورۇنلىرىدا، ھاراق بەزمىلىرىدە، پاھىشە يوللىرىدا ئىزدىسە، بۇ چارىلار بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇ قايغۇلۇق ئەلەملىرىنىڭ ئىلاجىنى قىلالارمۇ؟ بۇنداق ناشايان يوللاردىن ياخشىلىق كۈتكىلى بۇلارمۇ؟ ئۇنداق بولۇشى ئېھتىمالدىن تولىمۇ يىراق!

«ئەگەر ئاللاھ كىشىلەر تەلەپ قىلغان يامانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇلار تەلەپ قىلغان ياخشىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىرىغاندەك ئالدىرىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەجىلى چوقۇم يەتكەن بولاتتى (يەنى ھالاك بولاتتى). بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلارنى گۇمراھلىقتا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇپ بېرىمىز.» (سۈرە يۇنۇس 11 ـ ئايەت)

مىللىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى ھالىنى كۆرۈپ يىغلىماسلىقنىڭ ئىمكانى بارمۇ؟ بۇ تېراكىدىيە ۋە رەزىللىكلەرگە چەكلىمە قويغىلى بولماسمۇ؟ يىگىرمە ـ ئوتتۇز كويغا بىلەت ئېلىپ تانسخانىلارغا كىرىپ، نامەھرەم ھاياسىزلار بىلەن بەل سىقىشقان ئەخلاقسىزلار تاھارەت ئېلىپ ئاللاھ ھۇزۇرىدا گۇناھى ئۈچۈن ياش تۆكۈپ، سائادەت باغچىلىرىغا كىرمەسمۇ؟ ئۇلار پىلە قۇرتىنىڭ غوزا ئىچىدە بىلمەي ئۆزىنى ئۆزى تولاپ ھالاك قىلغىنىدەك ئۆزلىرىنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتلىرىنى ئۆز ئۆلۈمى ئۈچۈن خەجلەمدۇ؟... ئادالەت ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى يەڭ تۈرۈپ شەيتان ئىشكىلىرى ئالدىدا تەلمۈرۈش، ئۆز ـ ئۆزىنى زەھەرلەش ۋە ئاللاھ دېمەسلىكمۇ؟

مۇسۇلمان قېرىنداشىم، بۇ يولدىكى تىجمەل ناكەسلەر سېنى ئالدىمىسۇن، گەردەن تومۇرۇڭدىن يېقىن بولغان جانابى ئاللاھ بىلەن باراۋەر بولغىن، ھايات پروگراممىڭنى ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانى بويىچە تەرتىپكە سېلىپ ھاياتىڭنىڭ مەنىۋى تەمىنى تېتىغىن! بۇنىڭ بىردىنبىر ئامالى نېمە، بىلەمسەن؟ ئىلىم، ئىلىم، يەنە ئىلىم...!

كىشىلەر ھەقىقەتنى ئۇنۇتقان، كومپاسىنى يوقىتىپ قويۇپ لايدىن ياسالغان بۇتلار ئالدىدا تەلمۈرۈپ يېلىنىشقا، ئۆز قىزلىرىنى تىرىك، تىرىك كۆمۈشكە باشلىغان ئىدى. زىنا ئادەت ھالىغا كېلىپ، ھاراق سۇ ئورنىغا ئىچىلەتتى. كەبە

ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى نادانلىق، دوستى ئىلىم ـ مەرىپەت. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭ ئۈچۈن نېمە پايدىلىق بولسا شۇنى ئوقۇ.

ئۇ زات، ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىلىم، ئىمان ۋە ئېتىقاد بىلەن ئۆز ئەسھابىنى تەربىيىلەپ قىسقا مۇددەت ئىچىدە زۇلمەت ئورنىغا ئادالەتنى، ۋەھشىيلىك ئورنىغا مەدەنىيەتنى، جاھىلىيەت ئورنىغا ئىلىم ـ مەرىپەتنى، ھاياسىزلىق ئورنىغا ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ئىنسانىيەتكە ئاساس تىكلىدى. بۈگۈنكى ياۋرۇپا سۈت ئۇيقىسىدا ئۇخلاۋاتقاندا ئىسلام ئالىمى ئىلىم ساھەسىدە يوقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. كۈنىمىزدە ئۇ زامانىنىڭ ئالىم ۋە پەيلاسوپلىرى يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلەرگە ئوخشاش بىرەر ئەسەر يېزىش ئەمەس، ئۇلارنى ئوقۇپ تېگىگە يېتەلمەيدىغان دەۋرىمىزنىڭ قىسمەن نادان ئەخمەقلىرى «كونا كىتابلار بىزنى بۇ ھالدا قويدى» دەپ ئۇلارغا لاپ ئېتىشتىن نومۇس قىلمامدۇ؟

قۇياش بولمىسا دۇنيانىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ دۇنيا زۇلمەت ئىچىدە ۋەھىمە ئىچىدە قالغان بولماسمىدى؟ ئالىم ۋە پەيلاسوپلار بولمىسا ئىنساننىڭ مەنىۋي ھاياتى زۇلمەتتە قالغان بولماسمىدى؟ جانابى ئاللاھ:

«بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟» (سۇرە زۇمەر 9 ـ ئايەت) دېگەن. بۇ قەدەر ئېنىق ۋە كەسكىن قىلىپ ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە تەشۋىق قىلغان ئىسلام «بۆشۈكتىن قەبرىگە قەدەر ئىلىم تەلەپ قىلىڭلار» دېگەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن تۆكۈلگەن مەرۋايىتنى تىرىشىپ ئۇنتۇماس ئۆنۈتمايلى. جانابى ئاللاھ:

«سەن ھەرگىز جاھىللاردىن (يەنى ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنمەيدىغان نادانلاردىن) بولمىغىن.» (سۇرە ئەنئام 36 ـ ئايەت) دېگەن. چۈنكى جاھىللىق تىرىك ئادەملەر ئۈچۈن پىچىلغان كېپەنلىكنىڭ ئۆزى. تىرىك تۇرۇپ كېپەنلىك كىيىشنىڭ ئىسلامىيەت بىلەن ئالاقىسى يوق.

كۆنىمىزدە يازغۇچى ۋە ئالىملارنىڭ نىسبىتى كۆنسېرى ئاشماقتا، ئۇلار بىر نەچچە يىل ئوقۇپ ھەر خىل ئىلمىي ئۇنۋانلارغا ئىگە كىشىلەر بولسىمۇ، يەنىلا ساپاسى تۆۋەن، خۇددى ئېشەك ئۇستىگە ساندۇقلاپ كىتاب ئارتىپ قويسا ئۇنىڭدىن قىلچە پايدىلىنالمىغىنىدەك ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىدىن ئۆزلىرى پايدىلىنالمايدۇ. بۈرۈنقى زاماندا، بىر يېزىلىق رايوندا مالىيە خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان ئادەمگە مالىيە مىنىستىرلىكىدىن شۇ رايوندىكى پۈتۈن مەۋاشلارنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ دەرھال يوقىرىغا يوللاپ بېرىش ئۇقتۇرۇشى كەلگەن ئىكەن، ھالبۇكى بۇ خىزمەتنى ئۆتەۋاتقان كىشى جاھىل بولغانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر ئوقتۇرۇشنى قولىغا ئېلىپ مەۋاش، مەۋاش... ھە ئەمدى چۈشەندىم، مائاش ــ رايون بويىچە نېقەدەر مائاشىنى

قەدىرلىك كىتابخان! ئەسلىدە «مەۋاشى» ئۆي ھايۋانلىرى (يەنى قوي، ئۆچكە ۋە كالا قاتارلىق) ھايۋانلار دېگەنلىك بولاتتى. ئەمما مەزكۇر جاھىلنىڭ يوقىرىغا يوللىغان مەلۇماتىنى ئويلاپ بېقىڭلار... بىزنىڭ بۇ رايوندا قازى بىلەن مۇپتىدىن باشقا ھەممىمىز ئۆي ھايۋانلىرىمىز. جاھىللىقنىڭ قۇربانى بولغان بۇ خىزمەتچى ئەپەندىم ئۆزىچە مەن ياخشى ئىش قىلدىم دەپ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسا، كۈنىمىزدىكى جاھىللارمۇ ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشكىدەك خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەر ئۆتكۈزمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن جانابى ئاللاھ: «جاھىللاردىن يۈز ئۆرىگىن .» (سۈرە ئەراف 199 ـ ئايەت) دېمەكتە. جاھىللاردىن يۈزىنى چۆرىگەن كىشى يۈزىنى نەگە چۆرۈيدۇ؟ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتكە ئۇلاشتۇرىدىغان پايدىلىق ئىلىم ۋە مەرىپەتكە. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ئىككى قىسىم بولىدى، بىرى، بەدەنى ئىلىم، يەنە بىرى، دىنى ئىلىم.»

مۇسۇلمان، ـ دىنى ئىلىملەرنى ئوڭ قانات، پەننى بىلىملەرنى سول قانات قىلىپ كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك. مانا شۇنداق بولغاندا ھەر قانداق دۈشمەن ئالدىدا يېڭىلىپ يەرگە ئۆرۈلمايدۇ. بىر قانات بىلەن ئۇچۇمەن دېيىش نېقەدەر ئىمكانسىز ۋە مەنتىقسىز بولىدىغان بولسا، پەقەت دىنى ئىلىم بىلەن بولۇپ كېتىپ، پەننى بىلىملەرگە سەل قاراش، ياكى پەننى بىلىملەر بىلەن بولۇپ

قېرىندىشىم، ئىلىم بىر نۇردۇر. يول كۆرسىتىدۇ، كەل ئىككىمىز بىرلىكتە بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ نېمىلەرنى بىلىشى ۋە قايسى ئىشلارنى قىلىشى لازىم دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەيلى: باشتا سېنى، مېنى ۋە پۈتۈن مەۋجۇداتنى ياراتقان زات ئاللاھنى بىلەيلى، ئۇنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەرنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ قانۇن ـ پرىنسىپلىرىنى ھاياتىمىزغا تەتبىقلاپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتىمىزنىڭ پەيزىنى سۈرەيلى. قەدىرلىك قېرىندىشىم، بىز مەسجىدتىكى جامائەتتىن نامازنىڭ پەرزى قانچە كىم جاۋاب بېرەلەيدۇ؟ ياكى «ئەلەم تەرە كەيفە» نىڭ ئاستىدىكى سۈرىلەرنى كىم توغرا ئوقۇپ بېرەلەيدۇ؟ ياكى بۇ سۈرىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرەر سۈرىنىڭ مەنىسىنى كىم يېشىپ بېرەلەيدۇ، دەپ سورايدىغان بولساق، سېنىڭچە قانچە كىشى توغرا جاۋاب بېرەلە؟ نۇرغۇن ئادەملەر بار دائىم «ئىننا ئەتەينا» ۋە «قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد» بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ، ئۇلاردا بىر ۋاقىت نامازنى ئەدەپ ۋە ـ ئەركانلىرى بىلەن تولۇق ئادا قىلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى ئۆگىنىش خىيالى يوق، ئۆگىنىڭ دېسە، «بىز ساۋاتسىز بالام، دۇنياغا مۇشۇنداق كەلدۇق، مۇشۇنداق كەتكىنىمىز ياخشى» دەپ قويىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە جاھىللىق ۋە نادانلىق بارمۇ جاھاندا...!

جۈمە كۈنلىرى ئۆي سۈپۈرسە بولمايدۇ، شەنبە ۋە سەيشەنبە كۈنلىرى سەپەرگە چىقسا بولمايدۇ، زاۋالدىن كېيىن تىرناق ئالسا بولمايدۇ... بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن بولمايدۇلار بار. ئۇلار بۇ ئاساسسىز بولمايدۇلارنى نەدىن ئۆگەندى ئەجەبا! دىنىنىڭ ئەسلىدە بولمىغان بۇ خۇراپى قىلمىشلارنى دىنغا يۈكلەپ قويۇپ، دىن

ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! ئەگەر مېلىڭنى بازارغا سېلىپ، ئۇن پىرسەن پايدا چىقىدىغانلىقىغا كۆزۈڭ يەتسە، ئۇن بارمىقىڭ بىلەن ھېسابلاپ تۇرۇپ ئېلىپ ساتىسەن، دىنى مەسىلىلەرگە كەلگەندە، نادان بولىۋالىسەن. مەيزاپ خانىلاردا قارت ـ ۋە دامكا ئوينىغان چاغلىرىڭدا مەيدەڭگە ئۇرۇپ نوچى تەلەپ قىلىسەن، ئىبادەت ئىشلىرىغا كەلگەندە بىلمەسكە سالىسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ياشتا چوڭلار (ئىلىم ئۆگىنىشكە كەلگەندە، ئىلىم ـ مەرىپەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن) ياشلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇلاردىن ئىلىم ئۆگىنىشتىن خىجىل بولمىسۇن» ۋە «ياشىنىپ قالغانلار نان يېيىشتىن خىجىل بولمىغىنىدەك ئىلىم ئۆگىنىشتىن خىجىل بولمىسۇن» دېگەن مۇبارەك سۆزلىرىنى بىلمەمدىغاندۇ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇبارەك سۆزلىرىدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، ياشتا چوڭلۇق ئۆگەنمەسلىككە سەۋەب بولالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەھىسسالامنىڭ يەنە بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «دۇنيا ئاخىرەتنىڭ زىرائەت مەيدانىدۇر.» بۇ ھەدىس شەرىپىنىڭ ئىپادىسى بويىچە مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، دۇنيانىڭ نېقەدەر ئەھمىيەتلىك بىر يەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىنسان، ياشاش ئۈچۈن، ماددىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دۇنيالىق ئىلىملارنى ئۆگىنىشى لازىم. ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئىچىدە چوقۇم دوختۇرغا، ئىنژىنېرغا، مىللىي ئارمىيىگە، قورال ـ ياراق، ئاتوم بومبىلىرىغا ئېھتىياجى بار!

ئەزىز قېرىندىشىم! زۇلمەتلىك كېچە بىلەن نۇرلۇق كۈندۈز، ئۆلۈك بىلەن تىرىك، بار بىلەن يوق ئارىسىدا نېقەدەر چوڭ پەرق بولىدىغان بولسا، ئالىم بىلەن

ئەجەپ ئىش! كۆنىمىزدە كىشىلەر پالانى يەرنىڭ ئارتىسلىرى بۈگۈن پوكۇنى تىياتىرخانىدا ئويۇن قويىدىكەن دېسە، «ئالدى رەتنىڭ بېلەتى قالمايدۇ» دەپ ئەتىگەن بېرىپ يامغۇر يېغىۋاتقىنىغا قارىماي سائەتلەرچە نۆۋەت ساقلايدۇ، ئەمما مەسجىدگە بېرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشتىن قاچىدۇ. ئەجەبا بۇ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئىجتىمائىي پرىنسىپ ۋە دىنى چۈشەنچە دەيدىغان بىر نەرسە يوقمىدۇ؟

نادان زىيالىي!

ھەممىگە مەلۇم، بىر قىسىم ئادەملەر كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ كۆرمەيدۇ. بۇلارنى «كۆزى ئوچۇق قارىغۇ» دەيمىز. سالپاڭ قۇلاقلىرى بار ئىشتمەيدۇ. سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ مەنىۋى كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بار ـ يوقىنى خەجلەپ تۈگىتىپ، پەقەت دىپلوم ئۈچۈن ئوقۇپ «نادان زىيالىي» بولۇپ قېلىشتىن نومۇس قىلمىغان زىيالىيلىرىمىز يوق ئەمەس. يۇنان پەيلاسوپى Diyojen بىر كۈنى قولىدا قول چىراغ ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ، بۇنى كۆرگەن كىشىلەر:

ــ قول چىراغنى كۆتۈرۈۋېلىپ نېمە ئىزدەۋاتىسىز؟

ـ ئادەم ئىزدەۋاتىمەن...!

شۇنداق مۇسۇلمان، بىزمۇ ھەقىقىي ئالىم ئىزدەۋاتىمىز. بەك ئارقىدا قالدۇق. جەمئىيىتىمىزدە «ئىسلامىيەت ئارقىدا قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ» دېگەن سەپسەتىگە تاقىلىپ قېلىپ يولىنى بىلەلمەي قالغان نۇرغۇن ياش زىيالىيلار يوق ئەمەس. ئەسلىدە بۇلار ئەيىپلىك ئەمەس. چۈنكى ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن تا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر تامامەن ماركسىزم ئىدىيىسى بىلەن تەربىيە كۆرىدۇ، دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە ئەسلى قىياپىتىنى ئۆگەنمەيدۇ، ھەتتا ماركسىنىڭ: «دىن خەلقنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۇن» دېگەن ئاتالمىش سۆزى ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە خالاپ، خالىماي ئورناپ قالىدۇ. بۇلار ھەممىسى سۇيىقەست، غەرەزلىك پىلان. ئى قېرىنداشلار، بولدى قىلايلى، ئويغىنايلى. جەمئىيىتىمىزدە ئوقۇش پۈرسىتىگە ئىگە بولالمىغان نۇرغۇن ئۈمىد يۇلتۇزلىرىمىزبار، ئۇلار روھسىزلىنىپ ئۆچمەكتە! بىز مىللەتكە نېمە بولۇپ كەتتى؟ بىلىپ تۇرۇپ زەھەر يۇتىۋاتىمىزغۇ! كەلكۈندە بوغۇلۇپ، دات ـ پەريات چېكىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ پەريادىغا يەتمەسلىك نېمە دېگەن شەپقەتسىزلىك...!

قېرىندىشىم! بۇ مىللەت سېنىڭ ئۈچۈن، دىنى ئۈچۈن ئۆتكۈر پىكىرلىك ئادەم، ئىمانى سابىت قەھرىمان ئىزدەيدۇ. قۇرئان ئۈچۈن كۆكرەك ئاچالايدىغان، نادانلارنىڭ زەھەر يۇتىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان، گۇناھ دېڭىزىغا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالالايدىغان كاپىتانغا ئېھتىياجى بار! «مەدەنىيەت، مەدەنىيەت» دەپ كاپىرلىقنى ئۆگەنگەن، مەدەنىيەتلىك بولۇشنى كاپىرلىق دەپ بىلگەن قارىغۇلارنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان كۆز دوختۇرىغا ئېھتىياجى بار. ئىنسانىيەت تارىخىنى، ئىسلامىيەت تارىخىنى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەسلى تارىخىنى بىلىدىغان

«ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، ۋەز ـ نەسىھەت مۆمىنلەرگە پايدىلىق، جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن ئۈچۈنلا ياراتتىم.» (سۈرە زارىيات 55 ـ 56 ـ ئايەت) دېگەن پەرمانىنى ئونۇتما. مەسچىتلىرىمىزدىكى نۇرلۇق جامائەتلەرگە «ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر يولىدا ماڭايلى دېيىشتىنمۇ ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك خىزمەت بارمۇ؟

ئىنسانىنى ماددىي كىردىن پاكىزلايدىغان نەرسە سۇ بولسا، مەنىۋى كىردىن پاكىزلايدىغان سەن، بۇنى بىل، ۋەزىپەڭنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چۈشەن ۋە يولۇڭدا داۋام بول.

پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ئىسمىڭنى پۈتۈن دۇنياغا نامايان قىلىش ۋە ئىنسانىيەت قەلبىگە ئورنىتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىز گۇناھكار بەندىلىرىڭگە ياردەم قىلغىن. شەيتان ۋە شەيتان تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ يامانلىقى ۋە ئازغۇنلۇقىدىن ساقلاپ، قولى كىر، يۈزى قارا كىشىلەرنىڭ ئىسلاھى ئۈچۈن ئىشلىگۈچىلەردىن قىلغىن، ئامىن.